

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

# سەھرا نەزمىلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

# سەھرا نەزمىلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

3002/05



تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

## مۇھەررىردىن

شائىرە تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن 1945 – يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1962 – يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملاپ، 1976 - يىلغىچە قەشقەر ۋە خوتەنلەردە ئوتتۇرا، دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلەردە تىل - ئەدەبىيات مۇئەللىمى بولغان. 1976 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1991 - يىلدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ، مەخسۇس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

تۇرسۇنئاي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، شۇ چاغلاردا مەكتەپ تام گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «ئاققان سۈزۈك سۇ»، «جىرىڭلايدۇ قوڭغۇراق» ناملىق شېئىرلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. 1959 - يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «تارىمنى گۈلزار قىلغىلى كەلدىم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ نەچچە يۈز پارچە شېئىرى، ئالتە داستانى ۋە ئون نەچچە

ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. « جېنەستە »، « بۇلبۇل ناۋاسى »، « چىغىر يول » ناملىق شېئىر توپلاملىرى، « گۇلنىھال » ناملىق داستانلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

تۇرسۇنئاي ئۆز شېئىرلىرىدا تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ - خىل تەرەپلىرىنى، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ھاياتى، ئەمگىكى، مۇھەببىتى ۋە نازۇك روھىي دۇنياسى، ھېس - تۇيغۇسى قاتارلىقلارنى ئوبرازلىق تىل، بەدىئىي ۋاسىتىلەر، قىزىقارلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق ئىخچام، جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا يەنە، ئائىلە - نىكاھ پەرزەنت تەربىيىسى قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ گۈزەل، يارقىن، بەدىئىي تىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئوقۇغان قىز - يىگىتلەر « شائىرە بىز دېمەتلىك ياش قىز بولسا كېرەك » دېگەن تۇيغۇغا كەلسە، ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ ئەمگەك، مۇھەببەت، نىكاھ، تۇرمۇشى ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلىرىنى ئوقۇغان كىشى « شائىرە جاپاكەش، ئەمگەكچان يېزا ئايلى ئوخشايدۇ » دېگەن خىيالغا كېلىدۇ.

بۇ توپلامغا شائىرەنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

## مۇندەرىجە


بىزارلىق ........................................ 1
قىرىلار ........................................ 3
ئالدىراش ........................................ 4
كىچىك ........................................ 5
قۇياش ۋە موماي ........................................ 8
يوق ئىلاج ........................................ 9
سەھرا كۈيى ........................................ 10
ئاچ گۈزىلىم رومالىڭنى ........................................ 15
بىر مىنىلا سۆيسەڭ جىنىم ........................................ 18
يار كېلەر ........................................ 19
غەيۋەتخورلار ........................................ 20
قىش كەلدى ........................................ 21
كەلدى دەپ ... ........................................ 22
باھار ........................................ 24
ياشارسۇن ئۇمۇ ........................................ 27
قورققاق ........................................ 29
ئادەم ئادەمگە ........................................ 30
ئىرىدى ........................................ 32
بوۋاي ۋە بالا ........................................ 33
گاچا ........................................ 34
يىغلىغان ئاي ........................................ 36

بىر شائىرەگە ......................................38
ياڭپۇز ..............................................39
قېرىنداش ..........................................40
يېزىلمىغان شېئىر ..................................42
كۆل بويىدا .........................................45
كۆرسەت ئىززەت ، ئورۇن بەرگىن ئانىغا ..............46
دۆك كۆۋرۈككە ساقىدى يۇلتۇز .........................49
ئەزىز بولغان تاش ..................................52
ئىككى بىچارە ........................................55
ئانىلار قەلبى ........................................60
بۇمۇ بىر يومۇر ......................................63
سەھرا نەزمىلىرى ....................................64
سەھرادىكى ئاي .......................................74
تۈلكە كومىسسىيە ....................................76
كېسەلچان چوكان .....................................78
ئىككى كالا ..........................................80
ۋاقىت ..............................................81
ئاتا - ئانىمىز ......................................84
ئىككى يىگىت ، ئىككى قېرىنداش ......................87
بالىلارغا ...........................................94
كەچۈر دوستۇم .......................................96
باھار [illegible]ندە غەزەل ............................98
غەزەللەر ............................................99
نىگار خاتىرىسىگە ....................................100
ئاتام ھەققىدە غەزەل ..................................103

ساھىبجامال قىزغا ........................................104
ئايال كۆڭلى ........................................105
ئايال ........................................107
بىر ئىنسان ........................................110
گىيىنىس دۇنيا رېكورتى ........................................112
ھايات ھەققىدە پارچىلار ........................................114

# بىزارلىق

نېمە ئىشكىن بىلمەيمەن ئۆزۈم ،
يۈرۈكۈمنى باسقان كەبى تاش ،
قىيىن بولدى ئالماقمۇ نەپەس ،
تۇمان باسقان ئەتراپنى تۇتاش .

دەل - دەرەخلەر كىيگەندەك كېپەن ،
قار- مۇزلاردىن يېپىنغان لىباس .
دەريالارنى توختاتقان كۈيدىن ،
زېرىكتۈردى بۇقىش ئەيھانناس .

يۈز- قوللارنى ئاچقىلى بولماس ،
شۋىرغاندىن قىلىسەن ھەزەر .
گوياخەقتە بولغاندەك ئۆچى ،
سوغۇق ئەجەپ سانجىيدۇ نەشتەر .

ئۆگزىلەردىن ئۆرلىگەن تۈتۈن ،
مەللىلەرگە ئورايدۇ بەلباغ .
تۇمان ئىچىدە يۇرسەڭ يوللاردا
تېيىلغاق مۇز ئاتقۇزار موللاق .

زېرىكتۇردى مېنى ئۇزاق قىش
تارتىپ كەتكەچ زۇكام دەردىنى ،
ئەجەب ئاستاچىقتى بېزەڭ قىش
بىلىندۇرۇپ يازنىڭ قەدرىنى .

1985 ـ يىل 28 ـ فېۋرال

## قىرلار

### ئەتىگەن

ئاپىرىدۇ ئەتىگەنكى ئوكۇلغا
قىرى بوۋاي هاپاش ئىتىپ نەۋرىنى .
ئاتمىش يىللىق هەمراھىدىن ئەنسىرەپ
موماي بىللە بارار قوغداپ ئىرىنى .

### كەچقۇرۇن

ئىلىپ بارار يەنەكەچكى ئوكۇلغا
قىرى بوۋاي هاپاش ئىتىپ نەۋرىنى .
ئاتمىش يىللىق هەمراھىدىن ئەنسىرەپ
موماي بىللە بارار قوغداپ ئىرىنى .

1985 - يىل

## ئالدىراش

ئىدارىدىن كۆكتات بۆلدى بىر كۈنى ،
قورويىمىز ئوخشاپ كەتتى بازارغا .
ھەممەكىشى ئالغىنىنى ئالدىراپ
ئېلىپ ماڭارقاچىلىشىپ تاغارغا .

مويسىپىتقا دېدى بىرسى «تاغارنى
يۇدۇپسىزغۇ ، بولمىسىڭىز ياكى ياش ».
ئۇ دەر ئىدى : قانداق قىلاي ، باللار
بىر -بىرىدىن تۇرسا تېخى ئالدىراش .

1985 -يىل

# كىچىك

مەن كىچىكمەن ، ھەممىدىن كىچىك ،
ئاتمىش سانتى پەقەتلا بويۇم .
ئۆزۈم كىچىك ، قەدىمىم قىسقا ،
لېكىن جاھان كېزىدۇ ئويۇم .

ئاھ ! بەستىمۇ ۋىجىك شۇنچىلىك ،
يوق چوڭلاردەك ھۆسنىم قامىتىم .
بەخت تەلەي ئۇلەشتۈرسە گەر
تەگمەس ماڭا ، يوقتۇر ئامىتىم .

مەن كىچىكمەن ، ھەممىدىن كىچىك ،
لېكىن مېنىڭ ئۆتكۈردۇر كۆزۈم .
بۇ جاھاندا ياخشى ، يامانغا
ئادىل باھابېرىمەن ئۆزۈم .

بويۇم پاكار، گىگانت ئەمەسمەن،
زېيىنىم يوق ئەللەرگە پەقەت.
ئازابىنى بىلگەچ كىچىكنىڭ
كىچىكلەرگە ئەيلەيمەن شەپقەت.

مەن كىچىكمەن كىچىكمەن قەۋەت،
لېكىن ئەسلا ئەمەسمەن قونچاق.
مۇشكۇل ماڭا كوچىدا يۈرمەك،
چوڭلار ھەرئان قىلغاچقا ئەخمەق.

مەن كىچىكمەن، مۇشتۇمچە كىچىك،
كۆرسە خەقلەر دېيىشەر: پەتەك.
ئەتراپىمنى ئورايدۇ دەرھال
كۈلۈشىدۇ تاپقاندەك ئەمەك.

مەن سەيلىگە چىققان ھامانلا
كوچا دەرھال بولار مالىمان.
ماڭاي دېسەم غەربىي بازارغا
ئەكىتىشەر شەرققە ھامان.

تەلپىممۇ كىچىك ھاياتتا
ئاز ئوزۇققا بولىمەن مۇھتاج .
لېكىن ئۈمىد ئارزۇيۇم يۈكسەك
گەرچە بەختىم بولغاندىمۇ كاج .

مەن كىچىكمەن ، كىچىك بولسامۇ
چوڭ ئىشلارنىڭ غېمىنى يەيمەن .
ئەۋلادلىرىم مېنىڭدەك ۋىجىك
كىچىككىنە بولمىسا دەيمەن .

1986 - يىل

## قوياش ۋە موماي

موماي چىقتى ئاستا ئىشىكتىن ،
بوسۇغىغا ئولتۇردى كېلىپ ،
تارام -تارام قورۇقلىرىنى ،
ئولتۇردى ئۇ قوياشقا قىلىپ .

ئاپتاپ سۇنار دائىما موماي ،
ئەشۇ يەردە قوياشقا قاراپ .
بىر ئەسىرلىك قوياشنىڭ نۇرى ،
بەدىنىگە كەتتىغۇ تاراپ .

كۈنگە باقار ھەركۈنى موماي ،
قالمىسىمۇ كۆزىنىڭ نۇرى .
تىلەردائىم : «كېرەملىك خۇدا ،
جامالىڭدىن ئايرىما مېنى » .

1986 -يىل

# يوق ئىلاج

ئۇ خچۇپ ھەردەم رىتىمدىن ئازدۇرار ،
يۈرۈكىمنى گاھى شادلىق گاھى غەم ،
ئۇ كىيانىنىڭ دولقۇنىدۇر ئۇ گويا ،
قىرغاقلارغا غۇلاچ ئاتقان دەممۇ ـ دەم .

ئازار يېسە ،ئەلەم چەكسە يات بىراۋ ،
ئىخ ، بۇ يۈرەك بولۇپ كېتەر پارە ـ پار .
بولسا خۇشال ، كۈلسە يايراپ خەق ئەگەر ،
ئۇرغۇپ كېتەر بولغان كەبى بەخت يار .

دەيدۇ دوختۇر : يۈرۈكىڭگە بەر ئارام ،
كۆپ ئويلىما ،قىلغىن دىققەت ، بولما كاج .
شۇنداق ئىكەن قەلبى شائىر دېگەننىڭ ،
دېمەك دوختۇر بۇ كېسەلگە يوق ئىلاج .

1986 ـ يىل

## سەھرا كۈيى

يازنىڭ كۈنى كۆپكۆكتۇر ئاسمان،
كۆپكۆك ئېتىز،كۆپكۆكتۇر يوللار.
كۆپكۆك ئەگىم - ئەگىم ئاققان ساي،
كۆپكۆك دەريا، كۆلدىكى سۇلار.

كۆپكۆك سۇغا بويۇن ئەگكەن تال،
كۆپكۆك تاللار ئويىنىغان بۇلاق.
قوناقلىقلار دېڭىزدۇر كۆپكۆك،
كۆپكۆك قىردا يەلپۈنگەن شۋاق.

تالزارلىقتا سايرايدۇ كاككۇك
سۇ بويىدا چىكىلدار سۇڭگۈچ.
قەيەردىدۇر كۈيلەيدۇ قىزلار،
تېرەكلەرگە سېلىپ ئىلەڭگۈچ.

كوز - كوز قىلىپ قىزىل مۇنچاقنى
كۆزلىرىنى ئويىنىتار ئازغان .
چېچەك ئېچىپ قىردا كۆك يانتاق ،
ھەر تەرەپكە شېخىنى يايغان .

يول بويىدا دېھقان بالىسى ،
شەھەرلىككە قىزىقىپ قارار .
بىر مۆجىزە كۆرگەندەك گويا ،
ئەتراپىڭغا ئولىشار ئۇلار .

كىچىك قىزچاق ئېرىق بويىدا
خۇشپۇراقلىق يالپۇزنى تېرەر .
«يالپۇزنىمۇ تونۇمايدۇ »دەپ ،
بولۇپ ھەيران مېنىڭدىن كۈلەر .

تاغام زورلار مېۋە - چېۋىنى ،
ئۆز قولۇڭچە ئۈزۈپ يېگىن دەپ .
«مۇنداق شېرىن بولماس شەھەردە
يېسەڭلەرمۇ سېۋەت - سېۋەتلەپ .

هامام ياققار پىتىر قاتلىما ،
قايماق بىلەن پىيازنى مىجىپ .
بىز نان ياقساق ئوخشىماس مۇنداق ،
تاڭلىيىدا كەتكەندەك ئېرىپ .

شۇنداق سېخى ، مېھماندوست ئۇلار ،
بار - يوقىنى ئايىماي قويار .
«نېمە بار »دەپ سورىماس ھېچ ۋاق
«بالاڭ نەچچە»دېگەننى سورار .

شۇنداق سېخى ، شۇنداق كۆڭۈلچەك ،
لېكىن قىلماس ھېچنەرسە تەما .
قانچە تۇرساڭ يەنە تۇرغىن دەر ،
كەتمەك بولساڭ بولۇشار خاپا .

ياقا يۇرتتا مۇساپىر ئۇ دەپ ،
ساڭا تېخى ئاغرىيدۇ ئىچى ،
تۇرساڭمۇ سەن ئېگىز بىنادا ،
«ئۆز ئۆيىڭ يوق »دېيىشەر تېخى .

دەر : «يىراقتا يۇرگىنىڭ يېتەر ،
ئەمدى تېزرەك كېلىڭلار يېنىپ .
يۇرتتىكىلەر بىردەك قول سېلىپ ،
قويايلىمۇ كەگرى ئۆي سېلىپ ».

شۇنداق سەبى ، شۇنداق كۆگۈلچەك ،
سېنى دىلدىن سۆيىدۇ ئۇلار .
گويا سەن كىچىك بالىدەك
سېنىڭدىن غەم قىلىدۇ ئۇلار .

ئەجدادىڭنى بىلىدۇ ئۇلار ،
ئەۋلادىنى ئۇنتۇماس ئۇلار .
ئەجداد بىلەن ئەڭ ياش ئەۋلادنى ،
ياتلاشتۇرماي قوشىدۇ شۇلار .

كۆڭلى - كۆكسى ئازادە زەپمۇ ،
شۇنىڭ ئۇچۇن ياشايدۇ يۈز يىل .
ئاشۇلاردەك بولماقنى ئارزۇ ،
قىلار دائىم سۆيۈنۈپ بۇ دىل .

يۇرەي نەدە ،كۆڭلۈمنىڭ كۆزى ،
شۇ سەھرانى كۆرىدۇ ھامان .
يۇمشاق يىلىق تۇپراقلىرىدا ،
يالاڭئاياق يۈرگەندەك ھامان .

ئاتا - ئانام تۇغۇلغان بۇندا ،
مەنمۇ كىندىك قېنىمنى تۆككەن .
سەھرالىقمەن ،ئاشۇ سەھراغا ،
يۈرۈكۈمنىڭ رىشتىنى چەگكەن .

1986 -يىل

## ئاچ گۈزىلىم رومالىڭنى

ئاي يۈزۈڭنى ئاپسەن توراپ
ئوراپ قىلىن رومالىڭنى .
كۆرۈشمەككە تەشنا ئىدىم
كۆرەلمىدىم جامالىڭنى .

ئوت چاچاتتى كۆكتە قۇياش ،
يەرۇ زېمىن تونۇر ئوخشاش .
قانداق بەردىڭ ئاڭا بەرداش .
ئېچىۋەتمەي نىقابىڭنى .

كەلدىڭ جېنىم يۈزۈڭ يېپىق ،
ئالالماستىن ئەركىن تىنىق .
بىلسەم بەلكىم يۈزۈڭ يېنىق
كۆن كۆرمىگەچ رۇخسارىڭنى .

بويۇك زىلۋا خۇددى غۇنچە،
چىشىڭ سەدەپ گويا ئۈنچە.
كىم ياراتقان سىنى مۇنچە
گۈزەل قىلىپ گۈلزارىڭنى.

بالىلىقتا ئىدۇق ئاداش
مەكتەپلەردە بولدۇق سەبداش.
دەر ئىدىڭغۇ بار ساۋاقداش
پەندىن دۇرلار قازارىڭنى.

ئوقۇش بىلەن ئۆتتى ھەرئان
قانات قېقىپ ئۇچتۇق ھەريان.
ئۆي ئىچىدە بوپسەن پايخان،
قىلغاچ خازان باھارىڭنى.

قاشىڭ ئىدى سىنىڭ كامان،
كۆزۈڭ نۇرلۇق خۇددى چولپان.
ئاچ يۈزۈڭنى باققىن ھەريان،
كۆرگىن گۈزەل دەۋرانىڭنى.

كۆپ سىرلارنى ئاچتى ئادەم ،
قىز - چوكانلار بولۇپ ھەمدەم.
ئاي مارسقا قويدى قەدەم ،
قىلغىن سەنمۇ قارارىڭنى .

ئېيتقىنىڭغا «ئازاد زامان »
ئۆتتى جېنىم خېلى دەۋران .
ئاچ يۈزۈڭنى بولغىن شادىمان ،
زوقلاندۇرۇپ دوست - يارىڭنى .

1986 -يىل

## بىر مېنىلا سۆيسەڭ جېنىم

ئىشق تولغان كۆزلىرىڭ بىلەن،
زوق ئىلكىدە تاشلىدىڭ نىگاھ.
يۈرۈكۈمدە ئۇرغىدى قېنىم
كۆلدى دىلىم، كۆلدى جېنىم ئاھ.

بىر مېنىلا سۆيسەڭ جېنىم،
بىلىپ ئالدىم كۆزۈڭدىن بۇنى.
ئېيتايمۇ مەن سىرىمنى ساڭا:
جېنىمدەكلا سۆيىمەن سېنى.

1986 ـ يىل.

# يار كېلەر

يار كېلەر ،يايرىم كېلەر ،گۈليار كېلەر،
كۆزلىرىم ھەرقەدىمگە زار كېلەر .

قۇچىقىغا لالە -رەيھان تولدۇرۇپ
كۆزلىرىنى چاقنىتىپ گۈلزار كېلەر .

ھەر قەدەمدە يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ
قەددى - قامىتى گوياكى نار كېلەر .

ھەرزامان بۇزماي يۈرەكنىڭ ئەھدىنى
لەۋزىگە ۋىجدان قارارى يار كېلەر .

كۈتتۈرۈپ ئىيتقان قەرەلدە كەلمىسە ،
بۇ ئىيغىر ئىش قىز بالىغا ھار كېلەر .

1986 -يىل

# غەيۋەتخورلار

غەيۋەتخورلار قىزىق ئىنسانلار،
مۇھىم ئىشتەك بىلەر غەيۋەتنى،
غەيۋەت قىلىپ چاينىشىپ تىلنى،
خەق ئۈچۈنلا تارتىدۇ دەردنى.

ھەسەتخورلۇق تۈگمەنلىرىدە،
پىتنىلەرنى قىلىپ چىقار ئۈن،
ئۆزگىلەرنى خاپا قىلغۇچە،
ئۆز يۈرىكى بولۇپ كېتەر خۇن.

1986 ـ يىل

## قىش كەلدى

كۆرەڭلىدى سىلكىتىپ جۇۋا ،
قىش كۆرسىتىپ كارامىتىنى .
پولات تاختاي ياپتى دەرياغا،
ئىشلىتىپ بار ماھارىتىنى.

قاينىغاندەك گويا داشقازان ،
كۆل ئۈستىدىن كۆتۈرۈلەر ھور ،
ئاستاغىنە سوقۇلغاندەك يۈرەك ،
مۇز ئاستىدا ئاقار ئىدى سۇ.

غەزىپىدىن ئەدەپ كەتتى قىش ،
كەتتى توڭلاپ دەريا ۋە ئېرىق ،
ئىلمىغاندەك كۆزىگە قىشنى ،
سۇ تېگىدە ئوينايتتى بېلىق .

1986 - يىل

## كەلدى دەپ ...

كەلدى مەكتەپ ،كەلدى ھەر يەردىن ،
شوخ باللار «ئاچام كەلدى» دەپ .
دېدى بىرسى ماختاپ بىرىگە،
«كەلدى شائىر ھاممام كەلدى » دەپ .

دەر بىر قىزچاق ئاداشلىرىغا :
بىلەمسەن بۇ كىم يازغان كىتاب ،
دەيدۇ بىرسى «ھاما شېئىرىڭنى ،
ئاللىقاچان ئالغانمەن يادلاپ .»

تۇغقانلىرىم ، قېرىنداشلىرىم .
شائىرىڭمەن سىلەردىن چىققان .
شادلىنىمەن ، شېئىرىم سىلەرنىڭ ،
دىلىڭلارغا بولسىلا ياققان .

قەلبىڭلارنى نۇر كەبى داغسىز،
شادلاندۇرسام يوق زەررە ئارمان ،
شادلىقىم شۇ ،يورۇتسام ئەگەر ،
دىلىڭلارنى بولۇپ بىر گۈلخان .

## باهار

ئەركىلەتتى قۇياش كۆكلەم قىزىنى ،
قىش بوۋاينىڭ زامىن بولۇپ يېشىغا.
كۆكلەم قىزچاق باغاش ئەتتى تۇپراقنى ،
تېگىپ قويدى زەر قۇياشنىڭ چىشىغا ،

كۈنچى قۇياش غەزىپىدىن ئوت ئېلىپ ،
تاغ - ئېدىردىن ئېلىۋالدى ئەنتىنى ،
جىرا سايلار تولدى ئەگىز سۇلارغا ،
كۆكلەم ۋە يەر چاقتى سۆيگۈ قەنتىنى ،

تۇپراق تارتۇق ئۈچۈن كۆكلەم يارىغا ،
قىياقلارنىڭ ئوسما قويدى قېشىغا .
كۆكلىمگە بولماق ئۈچۈن ياخشچاق ،
سۆگەتلەرنىڭ جالا سالدى بېشىغا.

كونا ئىشق بۇ تەرەپكە ھەيدىگەچ ،
ئۆز جۈپتىنى ئىپىپ ئالدى ئۆردەك، غاز ،
ئارقىسىدىن قوشچىۋاينىڭ لەگلەك قۇش ،
نىمىنىدۇر ئىزدىگەندەك كىچەر ساز .

كۆڭلىكنى ھەر كۈن يۆتكەر كۆكلەم قىز ،
تۇس كىرگۈزۈپ ، يەر - جاھانغا ئۆزگىچە.
قىش بوۋايمۇ كەتتى قىيىداپ ئاخىرى ،
ئۆتۈپ باقسۇن قەدرىممۇ دەپ كۈزگىچە .

تومۇچۇقلار رىمونت قىلسا چاڭگىنى ،
قارلىغاچلار ئۇگا ياسار باشقىدىن .
مەرھابا دەپ كۆكتە قۇياش چاچار زەر ،
يەر ۋە جاندار كۈلەر ئالتۇن چاچقىدىن .

قانات سۆرەر ئۆز جۈپتىگە كەكلىك ۋاي ،
چىشى كەكلىك قاھ - قاھ كۈلۈپ قىلار ناز .
سەپەر قىلغاچ زىرىكتۈرگەن بىزەڭ قىش ،
كىلىپ قالغاچ ئارامبەخش گۈزەل ياز.

سىغىندۇرۇپ كەلگەچ باھار بۇ دورەم ،
يۈرىكىمدە ئاقتى شادلىق تاشقىچە ،
دېرىزەمنى ئاچتىم خۇشبۇي ھاۋاغا ،
يەڭگۈشلىدىم ئەگىنىمنىمۇ باشقىچە .

1987 - يىل

## ياشارسۇن ئۇمۇ

غەيۇەتلەرنىڭ گۈلخانلىرىغا ،
تۇترۇق بولۇپ ئوتقا ياغ چىچىپ ،
ياشانغاندا ياشىرىپ ئايال ،
ئەرگە تەگدى ئۆيىدىن چىقىپ .

تۇيۇلدى بۇ پەرزەنتىرىگە ،
قىلمىغاندەك گوياكى ۋاپا ،
كەتتى دېدى گەپدان قوشنىلار ،
خەق ئۆيىگە تارتقىلى جاپا .

نېمىسى كەم دېدى تۇغقانلار ،
ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ ۋەجى .
يەتمەمدىكىن ئايلىقى ئۇنىڭ ،
كۆپ ئەمەسقۇ ئانچىلا خەجى .

بىلمەيدۇ خەق ئېغىرلىقىنى،
يالغۇز باشقا چۈشكەن پىراقىنىڭ،
ئويلاشمىدى يورۇتمىشىنى،
خەق ئۆيىگە ياققان چىراقىنىڭ.

دەيمەن شۇنى: ياشارسۇن ئۇمۇ،
قىسپ كەتمەگىلا تولىمۇ تاپا.
ئاگا راھەت بىلىنەر بەلكىم،
خەق ئۆيىدە تارتقىنى جاپا

1987 ـ يىل

## قورقاق

سەن يېنىمغا كېلىسەن جېنىم ،
كۆزلىرىڭدە چاقنىتىپ قۇياش ،
بىر ئاجايىپ تاشلايسەن نىگاھ ،
يات كۆزلەردىن قورقۇپ ئالدىراش .

ئەركىلىتىپ گاھى ئەركىلەپ ،
تىنچ كۆڭلۈمگە بەرمەيسەن ئارام ،
ئەل كۆزىدىن قورقتۇڭمۇ ياكى ،
كېتىپ قالدىڭ كۆرۈنسە قارام .

مەن سېنىڭدىن باتۇر ئىكەنمەن ،
كۆيۈپ بەلكىم بولۇشقا ئادا .
سەن بۇ يولدا قورقاق ئىكەنسەن ،
ئىشقىڭ بارۇ ، غەيرەتكە گادا .

1987 - يىل

## ئادەم ئادەمگە

خىرامان تۇراتتۇق كەلدى بىر كىشى ،
تاراتتى شۇ مەھەل ھەممىگە باغاق .
ئەمەس ئۇ توي ياكى تانىسىغا تەكلىپ ،
خەتلىرى قاپقارا ،قەغىزى ئاپئاق .

باغاقنى ئالدۇقتە تۇرۇپ قالدۇق جىم ،
كەلمىدى شۇ مىنۇت تىللارمۇ سۆزگە .
ئاقاردى يۈزلەرمۇ قەغەزدەك ئاپئاق ،
يۈرەكلەر جىغىلداپ ياش تولدى كۆزگە.

ئاھ ، تېخى ئارىدا ئۆتمىدى ھەپتە ،
قايغۇدا ، شادلىقتا ئىدۇق تەڭ ئورتاق .
كەتتى ئۇ تۇنۇگۇن باقىي دۇنياغا ،
جاھاننىڭ ئىشلىرى ئىكەنغۇ شۇنداق .

باغاقا تىكتىم كۆز ، جىغىلداپ يۈرەك ،
بېشىمۇ ئېگىلىپ چۆكتۈم مەن ئويغا .
سالمىسا نە بولار ۋاپاسىز ئالەم ،
ئىنساننى غەم تەشۋىش ، ھەر ئىش ، ھەر كويغا .

گويا بىر چېقىندۇر ئىنساننىڭ ئۆمرى ،
بولمايدۇ ھېچ كىشى تۇۋرۇك ئالەمگە،
ئۆتسىچۇ بىر - بىرىن ئاياپ ھەر ئىنسان،
ئىللىقلىق ، نۇر بېرىپ ئادەم ئادەمگە .

1987 - يىل

## ئېرىدى

ئۇشتۇمتۇتلا ياغدى يامغۇر چىلىق - چىلىق ،
گويا ئاسمان دەرياسىنى ئالغاندەك ياز .
قىز ۋە يىگىت كىردى دەرەخ دالدىسىغا،
تەبىئەتنىڭ ئويۇنىنى ئالغانغەك ھار .

ياغدى ئۇزاق قارا يامغۇر، ئېرىدى يەر،
ئېرىپ كىيىم يېپىشتى ھەم زىلۋا تەنگە.
ئېرىدى دىل ، بولدى قىيام ، كۆلدى كۆڭۈل،
ئوخشاپ گويا چايغا چۈشكەن چاقماق قەنگە.

شۇندىن بۇيان ئاشۇ يەردە توختار يىگىت،
ئۇ كۈنكىدەك قارا يامغۇر ياغمىسىمۇ ،
شۇ دەرەخنىڭ دالدىسىغا قارار قىزمۇ ،
ئەشۇ يەردە ئەمدى ھېچكىم بولمىسىمۇ .

1987 - يىل

## بوۋاي ۋە بالا

باغ ئىچىدە ئاق چاچلىق بوۋاي ،
چەۋرىسىنى ئوينىتىپ يۈرەر .
ئۇنىڭ ئوماق قىلىقلىرىغا ،
ئىچ - ئىچىدىن زوقلىنىپ كۈلەر .

چوڭ بولساڭ كىم بولىسەن بالام ؟
دەر ۋە گەپكە سالار نەۋرىنى .
دەيدۇ بالا : ئۇچقۇچى بولۇپ ،
ئۇچۇرىمەن ئاسماندا سىنى .

دەيدۇ بوۋاي : كۆپ ياشا بالام ،
ئۆتكىن ئارزۇ - ئارمانغا قىنىپ .
قالماس ئىدى زەررە ئارمىنىم ،
بەرسەم بىرەر بالاڭنى بىقىپ .

1987 - يىل

## گاچا

ئۆتتى يولدىن بالا كۆتەرگەن ،
گاچا ئايال لەرزان ۋە ئاستا .
گاچىغىمۇ چىقاركەن لايىق ،
دېدى بىرسى خۇدايا تووۋا .

ھەر كۈنى ئۇ مۇشۇ مەھەلدە ،
شۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتەر جىم .
ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە دېمەس ،
ئۇنىڭغىمۇ سۆزلىمەس ھېچكىم .

غەيۋەتنى غەيۋەتچىلەرنىڭ ،
ئاڭلىماس ئۇ ، ھېچنېمە بىلمەس .
غەيۋەت نېمە ، شىكايەت نېمە ،
بىلمەيدۇ ئۇ ، ھېچنېمە بىلمەس .

هيچ كىشىگە زىيىنى تەگمەي ،
جىم ئۆتەر ئۇ كۆتۈرۈپ بالا .
ئەمما غەيۋەت گۈلخانلىرىغا ،
تۇتىرۇق بولۇپ بەردى ئۇ يەنە .

ياقام تۇتۇپ بولدۇم ھەيران - ھەس ،
دېدىم ھەممە خۇدايا تووۋا .
يۈز غەيۋەتچى ئۇزۇن تىللىغىنى ،
شۇ گاچىنى كۆردۇم مەن ئەلا .

1987 - يىل .

## يىغلىغان ئاي

تۈن ئاسمىنى جىلۋىلىنەر ،
كۆكۈچ تۈس بېرىپ .
خىلۋەت باغلار تۇرار سىرلىق ،
قاراڭغۇلىشىپ .

گۈل شېخىدا بۇلبۇل ئۆگدەر ،
بوينىنى قىسىپ .
تۇمۇچۇقنىڭ ناخشىسىمۇ ،
قالغان بېسىقىپ .

كۆكتە ئالتۇن كىرپىك يۇلتۇز ،
تۇرار ياش تۆكۈپ .
ئاي يۇرىدۇ تۈن قوينىدا ،
تەنها ۋە ئۆكسۈپ .

گۈل بەرگىگە قاپتۇ تولۇپ،
تاڭدىكى شەبنەم.
ئېمشقىدۇر پەرىزاتتەك،
قىزنىڭ يۈزى نەم.

چۆنەكتىكى سۇ ئىچىدە،
ئاي ئۆزەر يالغۇز.
تۈن قوينىدا ئاھ ئۇرىدۇ،
كۆزلىرى يۇلتۇز.

1987 -يىل

## بىر شائىردىگە

ئىللەتلەرنى سۆكسەڭ ئەگەردە ،
مىسرالىرىڭ كۆتۈرەر ئىسيان .
چۈمبىلىگنى ئاچالماس نېچۈن ،
شىجائىتىڭ چىقىرىپ بوران .

1987 -يىل

# يالپۇز

باھار چېغى ئۆسۈپتۇ يالپۇز ،
ئېتىز ئىچىدە ئىككى -ئۈچ قۇلاق .
قىلار پەرق باشقا كۆكاتتىن .
تارىتىپ ئۇ شېرىن بىر پۇراق .

مۆكۈنسىمۇ چىملار ئىچىگە ،
خۇش كۆرگەنلەر ئارزۇلاپ ئۈزەر .
چەيلىسىمۇ ئۇنى ئات -ئۇلاغ ،
ھەر باھاردا باشقىدىن ئۈزەر .

1987 -يىل

## قېرىنداش

ئاتا - ئانام ئىز چەككەن تۇپراق ،
تارتىپ دىلنى ئارتتۇردى پىراق .
كەلدىم يەنە ئەيلەشكە تاۋاپ ،
شۇنچە يوللار كۆرۈنمەي يىراق .

يۈرەك - باغرىم بولدى بىر كاۋاپ ،
كۆز چەشمەمنى تۆكتۈم بىھىساپ .
ياشلار تۆكتۈم بولدۇم دۇئادا ،
قەبرىگاھنى قىلىپ مەن تاۋاپ .

ئۆرتەپ دىلنى ھەسرەت نادامەت ،
زار قاقشىدىم بولدى قىيامەت .
كۆيۈپ يۈرەك ،ياندى ۋۇجۇدۇم ،
دەردۇ - پىراق ئەيلەپ جاراھەت .

قەبرىدىن ھېچ كەلمىدى ئاۋاز ،
يەڭگىمىدى دەردىمنۇ بىر ئاز .
ھەسرەت تىغى تىلدى يۈرەكنى ،
جىسمىمنى ھەم تىترەتتى ئاياز .

قەھرىتاندا كۈلۈپ نۇر قۇياش ،
جىسمىم ئىللىپ توختىدى كۆز ياش .
تىرىلگەندەك ئاتا ھەم ئانام ،
كۆككە يەتتى گوياكى بۇ باش .

گويا كۆككە يەتكەندەك بېشىم ،
دىل سۆيۈندى قۇرۇدى يېشىم .
بىرى ئاتا ، بىرى بوپ ئانا ،
كەلگەن چاغدا قان قېرىندىشىم .

## يېزىلمىغان شېئىر

قەلبىمدە تۇيغۇلار كۆتۈرۈپ غەليان ،
كۆۋەجەپ دولقۇنلار بوزاتتى گىرداپ .
جىسمىمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتەتتى ئاتەش ،
ۋۇجۇدۇم ئوت ئىچرە ياناتتى شۇتاپ .

ۋۇجۇدۇم ئوت ئىچرە ياناتتى شۇتاپ ،
تىترەيمەن تولغانغان قىل كەبى ئوتنا .
كىلەر تەن لەرزىگە تەۋەللۇت پەيتى ،
چەككەندەك ياش ئانا ئازابنى يەكتا .

بۇ چاغدا ئۇنتۇلار باشقا ئىش تەشۋىش ،
چۇلغايدۇ بىرلا ئوي ،بىر خىيال تەنها .
قىيانلىق دەريادا چىقرىپ يەلكەن ،
يىگانە بىر قېيىق ئۈزگەندەك گويا .

يېگانە بىر قېيىق ئۈزگەندەك گويا،
ھەر ئۆركەش، ھەر دولقۇن مۇشكۇلگە باقماي.
ئۇنتۇلار دەم ئېلىش ياكى تاماشا،
كۆنمەس دىل لېرىكا قوينىدا ئاقماي.

كۆنمەس دىل لېرىكا قوينىدا ئاقماي،
يۈرەكنى بىر خىيال ئەيلىگەچ مەپتۇن.
تۆت مىسرا پۈتمەستىن قەلەمنى قويدۇم،
گوياكى ھاياتتىن تويغاندەك مەجنۇن.

گوياكى ھاياتتىن تويغاندەك مەجنۇن،
قويدۇمدە قەلەمنى ئىشىمغا ماڭدىم.
سۆلىرى تۈگىگەن، ئاۋازى ئۆچكەن،
دەريانىڭ سىياقى ئىشىمدىن ياندىم.

دەريانىڭ سىياقى ئىشىمدىن ياندىم،
سۆلىرى تۈگىگەن، ئاۋازى ئۆچكەن.
دىلدىكى ئوت - ئاتەش، پىكىر، لېرىكا،
كەچكىچە خەقلەرنىڭ ئىشىغا كۆچكەن.

بېسلدى دولقۇنلار ، جىمىدى گۈلخان ،
ئىلهامىم قۇشلىرى كېتىشتى ھەرياق .
يېزىلماي قالدى شۇ لېرىكا ئاخىر ،
تەھرىرلىك ئىش دېگەن ئىككەنغۇ شۇنداق .

# كۆل بويىدا

كۆلنىڭ بويى ، كۆل بويى ،
شۇ تەرەپتە يار ئۆيى .
سالسام قۇلاق ئولتۇرۇپ ،
ئاڭلىنۇر يارنىڭ ئۆيى .

چاچلىرىمنى ئۆر گۈزۈپ ،
قىلىپ ئالدىم بىر قۇچاق .
سالسام نەزەر بىر بېرىپ ،
نېمە بولغاي يار ئۇماق .

قالدى جىمجىت كۆل بويى ،
يايرىم كەتتى نەگىدۇر .
كۆز يېشىمدىن تولدى كۆل ،
يار خىيالى نەدىدۇر .

1988 ـ يىل

## كۆرسەت ئىززەت ، ئورۇن بەرگىن ئانىغا

ئاپتوبۇستا ئۆرە تۇرار بىر ئايال ،
قۇچىقىدا ئۇنىڭ كىچىك بالىسى .
تۇرالمايدۇ بىر ئىزىدا نېمە هال ،
نېمە ئۈچۈن ئاڭلىنىدۇ نالىسى .

ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى قىستاڭ بەك دىمىق ،
سىغماس يىڭنە ، ئۆتەلمەيدۇ يا شامال .
قىستاڭچىلىق ، تارچىلىق جان قىينىلار ،
چىقماي دېسە يولى يىراق ، يوق ئامال .

يۇلۇنار چاچ ، زەربە تېگەر ئېڭەككە ،
يىغلار بالا ئازاب سېلىپ يۈرەككە .
كۈچلۈك گەۋدە ئېزىپ ئۆتەر ئاجىزنى ،
يوقتۇر ئارام ، مېيىپ ، ئاجىز بوزەككە .

بالا قاقشار ، كۆزلىرىدىن ئاقار ياش ،
قانچە بالا ئۆستۈرگەن شۇ ئايالنىڭ .
كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى چاقنايدۇ ،
شۇ ئايالغا بولۇشالماي بىر چالنىڭ .

ئۇ يىقىلىپ پوت ۋە قولى دەسسىلەر ،
چۇشۇپ رومال ، كۆڭلەكلىرى يىرتىلار .
قاياقلاردا قالدى ئۇنىڭ بوخچىسى ،
دەم ئالالماي نەپەسلىرى بوغۇلار .

دەم ئالالماي نەپەسلىرى بوغۇلار ،
بىر دەقىقە بىر يىل كەبى تۇيۇلار .
ھەر مىنۇتتا بەجايىكى مىڭ ئۆلۈپ ،
ئانىسىدىن مىڭ بىر قېتىم تۇغۇلار .

قىستاڭچىلىق ، ھەر كۇنى جان قىينىلار ،
ئاپتوبۇستا ھەربىر كۇنى ئاشۇ ھال .
كۇچتۇڭگۇرلەر ئىگىلىگەن ئورۇننى ،
قېرى ،ئاجىز ، ئاياللارغا نە ئامال .

ھەر ئىنساننىڭ باردۇر ئەزىز ئانىسى ،
ھەربىر ئىنسان شۇ ئانىنىڭ بالىسى .
كۆرسەت ئىززەت ، ئورۇن بەرگىن ئانىغا ،
بولاي دېسەڭ يۈرىكىڭنىڭ پارىسى .

1988 - يىل

## دۆلەت كۆۋرۈككە ساقىدى يۈلتۈز

دۆلەت كۆۋرۈك ① تە ئاچتى يايمىنى ،
تىجارەتچى ياپپىاشلا بالا .
تۆت ئەتراپقا قارايدۇ پات -پات ،
قالغاندەك بىر ئىشلىرى چالا .
گاھ ئەتراپتا قالغاندەك ئۇنىڭ ،
چېكىسىدىن تامچىيدۇ تەرى .
تۇرۇپ -تۇرۇپ ئۆگۈپ تاتىرىپ ،
پايلىغاندەك گوياكى بىرى .
خەقنىڭ مېلى سېتىلىپ تۇرار ،
چىللىغاچقا كېلەر خېرىدار .
نېچۈن بالا ئەلنى چىللىماس ،
نېچۈن پات -پات يەرگىلا قارار .
ناچارمۇ يا ئازمىكىن ئۇنىڭ ،

---

① ئۈرۈمچىدىكى بىر بازار ئىسمى

يېيىپ قويغان يايمىدا مېلى .
نېچۈن رەڭگىرويى ئېچىلماس ،
ياكى ئۇنىڭ سۇنۇقمۇ دىلى .
ئون بىرىنچى سىنىپنى بۇ يىل ،
تۈگەتكەنتى ئاشۇ ياش بالا .
شۇنچە يىلدىن بېرى پەنلەردە ،
بولۇپ كەلگەن ئىدى ئۇ ئەلا .
ئىجتىهاتلىق بالا ئىدى ئۇ ،
زور ئىشلارنى دىلىغا پۈككەن .
ئىلىم - پەننىڭ ئۇرۇقلىرىنى ،
دىل ئېتىزى ئىچىگە تىككەن .
ئالتە ياشتا كىردى مەكتەپكە ،
ئوقۇدى ھەر سىنىپنى ئاتلاپ .
باشلانغۇچتا ئوقۇپلا ئۈچ يىل ،
تولۇقسىزغا سەكرىدى تاقلاپ .
ئۇستازىنى چۆمدۈردى زوققا ،
ئۇ ئىشلىگەن تاپشۇرۇق ھەتتا .
ماقالىسى گېزىتتە چىقىپ ،
مۇكاپاتمۇ ئالغانتى كاتتا .

تۆت ـ بەش خانە كەلگەن ھېسابنى ،
قوشسا ـ ئالسا ، كۆپەيتسە ھەتتا .
كىرەك قىلماي قەغەز ـ قەلەمنى ،
ھاۋاغىلا يازاتتى شۇندا .
نېمە بولدى ، باستى نە پېشكەل ،
بۇ يىل يازدا سول بولدى ئىشى .
تالىنالماي ئالىي مەكتەپكە ،
پەسكە چۈشتى ئەقىللىك بېشى .
بولار ئىدى بەلكى بىر ئالىم ،
بولسا ئىمكان ئاشۇ ياش تالانت ،
گويا كۆكتىن ئاققاندەك يۇلتۇز ،
كەتتى زايا ئەقىل ئىستىدات .
دۆك كۆۋرۈكتە ئاچتى يايمىنى ،
ئاشۇ ئۆتكۈر زېھىنلىك بالا .
قالدى يەتمەي ئارزۇ ـ ۋايىغا ،
بىر رەسىمدەك سىزىلغان چالا .
1988 ـ يىل 7 ـ ئاي

## ئەزىز بولغان تاش

يۇرسەم كوچىسىدا ئەزىز قەشقەرنىڭ ،
تونۇشلار ئۇچرايدۇ قەدەم - قەدەمدە .
مىڭ يىل ياشايدىغاندەك بولىسەن شۇ چاغ ،
جېنىڭ ياشىرىپ كېتەر شۇ دەمدە .

بىرسى سورار قاچان كەلگەنلىكىڭنى ،
بىرسى خۇش بولار كۆرۈپ تىمەنلىكىڭنى .
سالاملىشار كىچىكلەر ساڭا ئېگىپ باش ،
چوڭلار تىلەر ئامان - ئېسەنلىكىڭنى .

بىرسى ئەسلەر دۇنيادا ئاتا - ئاناڭنىڭ ،
قانداق ئۆتكىننى ھەم قانداق ياشاپ .
بىرسى بەزلەر ھەم قۇرۇتار يېشىڭنى ،
دەر :كېتىپسەن بارغانچە ئاناڭغا ئوخشاپ .

ئاڭلىغانلار سىنىڭ كەلگەن خەۋىرىڭ ،
كىلەر ئارقا - ئاقىدىن قىلىشقا پەتە .
تۈزۈت قىلساڭمۇ ئۇنىماس ھەرگىز ،
ۋەدە ئالار ئۆيىگە بىرىشقا ئەتە .

توي - مەرىكىلەرگە كىتىشەر ئىلىپ ،
چاي كۆرسىتەر ساڭا تۆردىن ھەر يەردە .
باشلىنىپ كىتەر چاي - زىياپەتلەر ،
كىم بولمىغىن كىلىپلا قالساڭ ئەگەردە .

ئەزىزانە قەشقەرنىڭ كوچا رەستىسىنىڭ ،
بولغۇڭ كىلەر ئاستىدا ياتقان كىچىك تاش .
ئاشۇ تاشىنمۇ گويا زەر بىلىپ ،
ئەزىز قىلار قەشقەر ئۆزىگە ئوخشاش .

ھەر كەلسەم ياشىرىپ قالارمەن شۇنچە ،
ئۇزىراپ قالغاندەك سىزىلەر ئۆمرۈم .
ھەر كەلسەم ئۇ قىلار ئىززەت ۋە ھۆرمەت ،
ئاشقاندەك سىزىلەر ئىنسانلىق قەدرىم .

ئەزىزانە قەشقەرنىڭ كوچا رەستىسىنىڭ ،
بولغۇم كەلدى خاكىدا كىچىك تاش .
«نېمە قىلىپ بەردىم مەن ساڭا شۇنچىلىك ،
سورۇدۇم قەشقەردىن كۆزلىرىمدە ياش .

ئۇ دېدى :بالام ، ئۆز ئاناڭمەن سېنىڭ ،
ئانىلىق مېھرىدە سۆيدى يۈزۈمنى .
قەلبىمدە ئۇرغۇدى بالىلىق ھېسلار ،
ئانامنىڭ باغرىدا سەزدىم ئۆزۈمنى .

1988 - يىل

## ئىككى بىچارە

دوختۇر خانا تۇغۇت ئۆيىگە
كىردى ياش يىگىت ،
تېخى ياشلا چوكاننى يۆلەپ .
ئايال يۈزىدىن قاچقان ئىدى قان ،
تىترەر پۇتى كەتكەندەك دەرمان ،
يىقىلغۇدەكلا قويساڭمۇ پۇۋلەپ .
دوختۇر ئاڭا قويىدۇ قاراپ ،
مۇنداقلارنى
كۆپ كۆرگەنمەن دېگەندەك گويا .
ياش سېسترا بولىدۇ ھەيران
قىيالماستىن باقىدۇ پات - پات .
سۆزلەلمەيدۇ تىت - تىت بولىدۇ ،
بېرەلمىگەچكە ،
ياتاقخانىغا ئېلىشقا پەرمان .
تۇغۇت دوختۇرى سىلكىيدۇ قولنى

« باشقا دوختۇرغا بېرىڭلار تېزراق ،
بىزدە يوقتۇر بىرەرمۇ كارۋات .»
دوختۇرخانا ، تۇغۇت ئۆيىگە
كىردى ياش يىگىت .
تېخى ياپ -ياش چوكاننى يۆلەپ ،
ياش ئايالنىڭ تۇتقان تولغىقى ،
باقار ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزلىرى
ئاھ دوختۇرغا باقار مۆلدۈرلەپ .
ياش دوختۇرغا يېلىنار يىگىت ،
پۈتۈن ئۆمرىدە ئانىسىغىمۇ
باقمىغاندۇ بۇنچە يالۋۇرۇپ .
ئۇنىڭ يېلىنىش - يالۋۇرۇشلىرىغا
تاش بولسىمۇ كېتەتتى ئېرىپ .
ياپ -ياش سېستىرا بولىدۇ ھەيران ،
بىر دوختۇرغا ،بىر ئاغرىققا قاراپ .
سۈيلەلمەيدۇ تىت -تىت بولىدۇ ،
بېرەلمىگەچ دوختۇرغا پەرمان .
دوختۇر ئۇلارغا شىلتىيدۇ قولنى
«باشقا دوختۇرغا بېرىڭلار تېزراق ،

بىزدە كەمدۇر دورايۇ - دەرمان .»
يۇرەر يولدا بىچارە يىگىت ،
تېخى ياپ - ياش چوكاننى يۆلەپ .
ياش چوكاننىڭ تۇتقان تولغىقى ،
كۆزى ئۇنىڭ قالغان مۆلدۈرلەپ .
چېكىسىدىن قويۇلىدۇ تەر ،
چاچلىرىدىن كۆتۈرۈلەر هور .
ياش ئايالنىڭ تولغىقى تۇتار ،
هەر قەدەمدە كۆچىيەر هەدەپ .
دەرد ئەلەمدە ماگار ياش يىگىت ،
بىچارە ياش ئايالنى يۆلەپ .
جورىسىغا باقىدۇ پات - پات ،
هەسرەت ئازاپ ئىلكىدە قاراپ .
قىلالمىغاچ هېچقانداق ئىلاج ،
قەلبى ئۇنىڭ بولىدۇ پارە .
گويا تولغاق يەۋاتقاندەكلا ،
ئازابلىنار يىگىت بىچارە .
ئاران چامدار بىچارە ئايال ،
يۈز - كۆزىدىن قويۇلىدۇ تەر .

خەقلەر قاراپ ـ قاراپ قويدۇ ،
كىرگىدەك بولار ،
ئۆيات ئازاب ئىلكىدە ئايال ،
شۇ دەقىقىدە يەر يېرىلسا گەر .
ئەشۇ دەمدە پۈكۈلدى تىزى ،
ئاھ دېدى ئۇ چېكىپ داد ـ پەريات .
سېمونت يەرگە ـ ياتتى داق يەرگە
پۇت ـ قوللىرىدىن كېتىپ ئىختىيار .
تۆتتى تولغاق ، ئەڭ ئاداققى رەت ،
يەر تىترىدى ، تىترىدى ھەيھات !
تۆتتى ئايال بولار دەپ يۈلەك
سېمونت يولنىڭ قىرىنى قاماپ .
كەتتى سېمونت قۇمدەك ئۇگۇلۇپ ،
بۇ ئازابقا بېرەلمەي بەرداش .
تۇيماس ئايال
بارماقلىرى كەتسمۇ قاناپ .

يىگىت ئولتۇرار
ياش ئايالنىڭ بېشىنى يۆلەپ ،

ئاھ ، يۈرىكى بولدۇ پارە .
يېڭى تۇغۇلغان تۇنجى بوۋاقتا
تۇنجى تۇغۇتلۇق ياپياش ئانىغا ،
چاپاننى سېلىپ
يېپىپ قويدى يىگىت بىچارە .

1988 - يىل

## ئانىلار قەلبى

قۇياش نۇر ئېمەر جىمى مەۋجۇدات ،
قۇياشسىز مەۋجۇد بوپ تۇرالماس ئالەم .
دۇنيانىڭ تۈۋرۈكى قۇياشى ئانا ،
ئانىسىز دۇنيادا تۇرالماس ئادەم .

ئانىلار دۇنيانىڭ چولپان يۇلتۇزى ،
ئانىسىز ئالەممۇ بولىدۇ خىرە .
ئانىلار جاھاننىڭ شادلىقى بەختى ،
ھاياتلىق ئۇ بىلەن تۇرىدۇ ئۆرە .

تارىخنى داۋام قىپ كېلىدۇ ئۇلار ،
ئەجرىدىن ئالتۇندەك قۇرلارنى يېزىپ .
ئانىلار مەنبەيى ئىنسانىيەتنىڭ ،
ئۇنىڭسىز ھاياتلىق كېتىدۇ تېزىپ .

ئانىلار قىلغاندۇر ئالەمنى ئالەم ،
ئانىلار قىلغاندۇر ئادەمنى ئادەم .
ئىنسانغا تېنىدىن قان ۋە جان بېرەر ،
ئۇنىڭغا كۈچ قۇدرەت ئەقىل بېرەر ھەم .

دۇنيادا تېپىلماس ئانىدەك ئۇلۇغ ،
ئۇ بىلەن ئاتىلار ۋەتەنىنىڭ نامى .
ئانا ئۇ ئېزىزدۇر ۋەتەنگە ئوخشاش ،
ئانا ئۇ مېھىر ۋە شەپقەتنىڭ كانى .

ئانىلار قەلبى كەڭ دېڭىزدەك چەكسىز ،
شادلىق ۋە خاپىلىق كېتىدۇ سىغىپ ،
ئالەمنى باسسىمۇ توپان بالاسى ،
پەرزەنتىنى ئاسرار ئۇ باغرىغا تېڭىپ .

ئانىلار ئىستەيدۇ پەرزەنتلىرىگە ،
ئىنسانغا بەرسۇن دەپ بەخت بىلەن شان ،
ئانىلار ئىستەيدۇ تىنچ بولسا ئالەم ،
شەپقەتلىك بولسا دەپ ئىنسانغا ئىنسان .

ئانىلار چىدام ۋە قۇدرەتكە بايدۇر ،
هەر جاپا مۇشكۈلگە بېرىدۇ بەرداش .
پەرزەنتىنىڭ پۈتىغا كىرسە بىر تىكەن ،
كىرپىكتە ئالار ئۇ تۆكمەستىن كۆز ياش .

ئانىلار ئۆستۈرەر پەرزەنتلىرىنى ،
جېنىدىن ئەزىز ۋە ئەتىۋا بىلىپ .
شۇلارنىڭ بەختىدىن سۆيۈنەر ئۇلار ،
ئۆزلىرى مۇكچىيىپ كەتسىمۇ قېرىپ .

ئانىلار قۇياشى ، نۇرى جاھاننىڭ ،
ئانىسىز مەۋجۇت بوپ تۇرالماس ئالەم .
ئانىنى هۆرمەتلە ، قىلغىن كۆپ ئىززەت ،
بولاي دەپ ئويلىساڭ ئەگەر بىر ئادەم .

1988 - يىل

## بۇمۇ بىر يومۇر

ئون چامدام يۈرۈشكە ئىرىنەر ئۆزى ،
يول ماڭسام ھاسىراپ سالار دەپ يۈرەك .
بىر چىنە چاينىمۇ ئىچمەيدۇ قويۇپ ،
ئىش قىلسا زورۇقۇپ تالار دەپ بىلەك .

ھەر كۈنى ھويلىدا تەنھەرىكەت قىلار ،
ساغلام بوپ ئۇزاقراق كۆرەي دەپ ئۆمۈر .
ئون ياشلىق بالىسى دېدى بىر كۈنى :
ھەي دادا بۇ ئىشىڭ بولدى بىر يۇمۇر .

1988 - يىل .

## سەھرا نەزملىرى

### سەھرا كېچىسى

تۈنەپ قالدىم سەھرادا بىر كۈن ،
ئەجەب ئوبدان ئىدى ئايدىڭ كەچ .
ھۆجرام يېشىل كىمخاپ تال باراڭ ،
تاملىرىنى بېزەر يۆگىمەچ .

تەۋرەتمەكتە مۆگدەك بۆشۈكى ،
تىنىم تاپماس مومايىنى شۇ دەم .
سۆزلىرىدىن توختاتتى خۇش خۇي ،
تېتىك سۆزمەن بوۋايىنمۇ ھەم

پەقەت مەنلا ئويغاق شۇ كەچتە ،
تۈن كۈيىنى تىڭشاپ ياتىمەن .
شاقىراتما ، كاككۇك ئۈنىنى ،
يۈرىكىمدە كۈيگە قاتىمەن .

شېرىن بىر ھىد قىلار مېنى مەس ،
رەيھانىمكىن ياپپۇزمۇ ياكى .
قانداقتۇر قۇش ئۇچار غۇي قىلىپ ،
تىنىم تاپماس تۇندە ھەتتاكى .

گاھى ئالتۇن مېداليوندەك ،
يۇلتۇز ئاسمان بېتىدىن كۆچەر .
پىل - پىل قىلىپ خۇددى ئوت كەبى ،
كىچىك ئۇچقۇن گاھ يېنىپ ئۆچەر .

بوك - بوك قوڭغۇز بېرىدۇ ئاۋاز ،
خۇددى كىچىك ماتوردەك گويا .
جىمجىت تۇندە ئەمەستۇر جىمجىت ،
كۆكۈچ ئاسمان ، سېھىرلىك دۇنيا .

سېھىرىي ئالەم ،سېھىرلىك كېچە ،
ئالدى تۈننى ئىلكىگە بۇدەم .
سېھىرلەنگەن قىزىدەك شاھىنىڭ ،
ئېغىرلاشتى كىرپىكىم شۇ دەم .

## سەھەردىكى سەھرا

قوڭغۇرىقى سۈت ھارۋىسىنىڭ ،
ئارامىنى بۇزسا شەھەرنىڭ .
ھۇشت - ھۇشت ئۈنى ، تىنچ سەھرادا ،
ئۈيقۇسىنى ئاچار شەھەرنىڭ .

بۇغدايلىقتا كېتەر كېلىنچەك ،
سېۋەت ئېلىپ غېمىدە ئوتنىڭ .
خۇش پۇرىقى قاپلار ھويلىنى ،
موماي ساغقان يېڭىلا سۈتنىڭ .

نەۋرە ، چەۋرە ، ئەۋرىلەر ھەتتا،
ئۇخلاپ قالماس ھەرگىز بۇ يەردە ،
قولتۇقىغا قىسىپ كىتابنى ،
قوي باققىلى كېتەر سەھەردە .

نەدىن پۈتكەن غەيرەت - شىجائەت ،
يۈز ئون ياشقا كىرگەن بوۋايدا ،

كىرىۋالسا بېغىغا تاگدا ،
چاقىرمىسا چىقمايدۇ چايغا .

ھېچكىم ياتماس ئۆيىدە ئۇخلاپ ،
زوق پەيزىنى سۇرەر سەھەرنىڭ .
شۇڭا ئۇزۇن ياشامدۇ
ئادىمىدىن بۇلار شەھەرنىڭ .

## تۇغقانلار

چايدىن كېيىن كەتتى ئېتىزغا ،
نەۋرە ، چەۋرە ، كېلىن ھەم ئوغۇل .
چەۋرىلەر ھەم ئەۋرىلەر ھەتتا ،
يول ئېلىشتى مەكتەپكە ئۇدۇل .

بوۋاي كىرىپ كەتتى بېغىغا ،
كۆچەتلىرىم قاپتۇ دەپ ئۇسساپ .
«ئىشى پۇتمەس ھويلا ئارامنىڭ » ،
دەيتتى موماي قوياتتى قاخشاپ .

رومال ئارتىپ سەكسەن ياش موماي ،
باشلاپ ماڭدى مېنى مەلگە ،
باغنىڭ يېنى ، ئېتىزنىڭ ئىچى ،
بىلەن كەتتۇق نەدىن نەلگە

دۆڭ مەلىدىن ئاياق مەلگە ،
بارار ئىدۇق قىلىشقا پەتە
دەيتتى موماي « كۆرۈشەلمەيسەن ،
كېتىپ قالساڭ شەھەرگە ئەتە .»

« بۇ تاغاڭنىڭ بالىسى » دەيتتى ،
تۇغقىنىمنى ماڭا تونۇتۇپ .
دەر « تۇغقانلار كېتەر يات بولۇپ ،
ئىزدەشمەستىن كەتسە ،ئۇنۇتۇپ .»

بۇ داداڭنىڭ تۇغقىنى » دەپ ئۇ ،
تونۇشتۇردى بوۋايغا بىر ئان .
سۆزلەپ يەتتە ئەۋلادىمنى ئۇ ،
مېنى بەكمۇ قالدۇردى ھەيران .

ئۇ هويلىدىن چىقىپ بىرسى دەر :
«هارماي كەپسەن ، جېنىم تۇغقىنىم »
پېشانەمدىن سۆيۈپ بىرسى دەر ،
« كەلگىنىڭنى يوققۇ ئۇققىنىم .»

تارام - تارام سۇلار يىغىلسا ،
كەتكەن كەبى دەريا يىغىلىپ .
بولدى كۆككە يەتكەندەك بېشىم ،
بىر جېنىمغا مىڭ جان قوشۇلۇپ

ئاز ئەمەسكەن نەسىل ، نەسەبىم ،
سەھرادىكەن سانسىز تۇغقىنىم
بېغىشلىدى قەددىمگە قامەت ،
بەستىمگە كۈچ بەردى تۇغقىنىم .

ئانا سەھرا

ئانا سەھرا،ئامراق قىزىڭمەن ،
سېنىڭ ئۈچۈن كۆيگەن كاۋاپتەك .

بىلىم ئىزدەپ كەتتىم يىراققا ،
ئوكيانىدا ئۈزگەن كاراپتەك .

توغاچ يۈزلۈك سەھرا قىزىدىن ،
ئۆزگەرگەندۇ بەلكىم چىرايىم .
سادىدىلىقىم باردۇر ھېلىمۇ ،
ئۆزگەرسىمۇ سۆزۈم ئىبارەم .

سۆزلەلمەسمەن قىز چاقلىرىڭدەك ،
تومۇچۇقتەك جانلىق ۋە راۋان .
قىلالماسمەن گەپتانلىرىڭدەك ،
بىر سۆزدە كۆپ مەنانى ئايان .

ئايرالماسمەن قىياقلىرىڭنى ،
مايسا ياكى چۈژگۈن قوناقتىن .
ئېتىزلىقتا بوۋام كەينىدىن ،
يۈرمىگەچكە خېلى ئۇزاقتىن .

ئايرالماستىن ئارپا بېشىنى ،
قارا بوغداي دەپمۇ قالارمەن .
ئورما ئورسام كېلىنلىرىڭدىن ،
گاھ كەيىندە قەپمۇ قالارمەن .

لېكىن سەھرا ، قوينۇڭدا يۈرگەن ،
قىز -ئوغلۇڭدىن مېھرىم ئەمەس ئاز .
كاككۇكۇڭمەن يىراق - يىراقتىن ،
كۈيلىرىڭگە قوشقان زىل ئاۋاز .

ئۆزگەرگەندۇ سۆزۈم ئىبارەم ،
ئۆزگەرگەندۇ بەلكىم چىرايىم .
ئانا سەھرا ، ساڭىلا تالىق ،
يۈرەك ئىشقىم ، ناخشا - كۈيۈم ھەم .

## كاككۇك

كاككۇك ، كاككۇك تىنمايسەن سايراپ ،
تالزارلىقتا قاپاق تېرەكتە .

ئىمشقىدۇر چۈمدۈردۈك مۈگغا ،
ئوت سالغانىدەك يەنە يۈرەككە .

كاككۇك ، كاككۇك ، كىچىك بىر قۇشسەن ،
ئەمما ئۈنىڭ مۇگلۇق ئىمانچە .
ئاڭلىغاندا سىنىڭ ،كۇيۇگنى ،
ھەسرەتلىرىم ئاشار بارغانچە .

كۇيلىرىڭدە ئىمانچە مۇڭ بار .
كىمگە مۇنچە زارلايدىغانسەن .
قوزغاپ دىلدا دەردۇ - پىراقنى ،
نىمە ئانچە سايرايدىغانسەن .

ئاتا - ئاناڭ يوقمىدى كاككۇك ،
قاپسەن بەكمۇ سارغىيىپ ھېرىپ .
ئاتا - ئانام يوقتۇر مېنىڭمۇ ،
سېنىڭدىنمۇ بەكرەك مەن غېرىپ .

كاككۇك ، كاككۇك تىنماستىن سايراپ ،
چىقتىڭ تۈندە ئاپئاق تېرەكتە .
سېلىپ قويدۇڭ قوشلاپ دەرد - پىراق ،
دەردى ئازدەك مىسكىن يۈرەككە .

1988 - يىل 25 - ئاپرېل .

## سەھرادىكى ئاي

تىنىق كۆكۈش ئاسمان گۈمبىزى،
يۇلتۇزى كۆپ ئۇنىڭ بېغىدا.
پەلەككە بوي سوزسا سۇۋادان،
ئاي ئىلىنىشىپ قاپتۇ شېخىدا.

ئىتتىرىدۇ شامال تېرەكنى،
ئاي يىقىلار زۇمرەت بۇلاققا.
ئېقىپ كېتەر بولۇپ ئاتمىش ئاي،
نۇر بەرمەككە چۈژگۈن قوناققا.

ئېرىقلارغا ئېقىپ سانسىز ئاي،
تولۇپ قالدى ئېتىز كۆلچەككە.
قىز كۆزىدە چاقناپ بىر جۈپ ئاي،
ياقتى ئاتەش بىر ياش يۈرەككە.

سۇغا چىقىپ چاققان كېلىنچەك ،
ئۇسسۇۋالدى ئاينى چېلەككە،
كىردى ئۆيگە ،چاقنايتتى يەنە
بىر تولۇنئاي ماراپ رۇجەكتە.

سەھرادا ئاي كۆردۇم بەكمۇ جىق ،
بىرسى تۇنەپ قاپتۇ باراگدا .
پىيالەمگە چۆمۈپتۇ بىرسى ،
چۈشۈپ كەتسەك قىزىق پاراڭغا .

1988 - يىل 4 - ئاي

## تۈلكە كومىسسىيە

كومىسسىيە بولدى تۈلكە جانۋار،
بۇ يىل سىنىپ پۈتتۈرگەن يۈز توشقانغا ،
ئون توشقاننى تاللاپ ئېلىش ئويى بار ،
ماقۇل ،- دېدى يەنە ئۈچنى قوشقانغا .
ئون ئۈچ توشقان ئۆتسە بولدى سىناقتىن ،
قالغىنىنىڭ ئىشلىرىغا قار ياغار.
ئويلاپ قالدى تۈلكە قاشلاپ بېشىنى ،
بولدى شۇ چاغ ئۇڭا مۇنداق ئەقىل يار.
ئىمتىھاننى باشلىۋەتتى تۈلكىجان ،
جاۋاب يازدى لاياقەتلىك يۈز توشقان ،
تۈلكە ئۇنىڭ ھەر بىرىنى چاقىردى ،
دېدى :« پاش قىل كۆچۈرگەننى ئۆزتوشقان،
كۆرسەت خىزمەت ،بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا،
بېرەي دەرھال بەش نومۇرنى مۇكاپات .

كۆچۈرگەننىڭ نەتىجىسى بولار نۆل ،
شۇچاغ ساڭا بەخت - تەلەي كېلەر پات »
بىر -بىرىنى تۈلكۈۋايغا چېقىشىپ ،
نەتىجىسىز قالدى ئاق ۋە بوز توشقان .
ئون بەش تۈلكە كەتتى ئالىي مەكتەپكە ،
قۇرۇق قالدى ئاھ ھاماقەت يۈز توشقان .

1988 - يىل 7 - ئاي

## كېسەلچان چوكان

قارا ئۇزۇن سۇمبۇل چېچىنى ،
هەر كۈن سەهەر تۇرۇپ تارايدۇ .
ئايدەك يۈزى ،قەلەم قېشىغا ،
ئەينەكدە تويماي قارايدۇ .

ئولتۇرىدۇ كارىۋاتتا هەر كۈن ،
ياستۇقلارغا يۆلىنىپ تەستە .
گويا تويغا بارىدىغاندەك ،
ياسىنىدۇ بەكمۇ هەۋەستە.

دورىسىنى ئىچىدۇ قويماي ،
ساقىيىمەن دەمدۇ بىر يولى .
چىدايدۇ ئۇ ئوپېراتسىيىگە،
كۆيدۈرسىمۇ ئاتومنىڭ نۇرى .

قالغىنىنى ساناقلىق كۈنىنىڭ،
بىلەر ئۆمۈر كالىندارىدا،
ئۈمىد بىلەن ئۆتكۈزەر سائەت،
مىنۇتلارنى ھايات بابىدا.

1988- يىل

# ئىككى كالا

ياۋاش كالا سۆرەپ يۈرۈپ ساپاننى ،
ئاش تېرىدى ،يىغدى تەپتى خاماننى .
ئالتە ئاي ياز يۈردى قىزىق ئاپتاپتا،
گاھى ئۈسسۈز، گاھ ئاچ قىيناپ ئۈجاننى .
ئۈسكەك كالا چىقماس ئىدى ئاپتاپقا،
كۆنمەس ئىدى ،كىرمەس ئىدى تاپقا.
ئۈسكەك كالا تۇتقۇزمىغاچ مۆڭگەكلەپ ،
ياۋاش كالا ياراپ قالدى قاسساپقا.

1988 - يىل

# ۋاقىت

ۋاقىت ئۆتتۈر ،يالقۇنلىرى زىيادە،
گىرانىتنى قۇم قىلىدۇ ئېرىتىپ .
شەپقەتسىزدۇر،ھېچنېمىگەباقماس ئۇ،
گۈنىسىز ئېتەر ،قۇياشنىمۇ قېرىتىپ .
شەھەرلەرنى ئايلاندۇرار قۇملۇققا،
نى شاھلارنى يەر تەكتىدە چىرىتىپ .

ۋاقىت شۇنداق بوياقچىدۇر ئالەمنى ،
ئايلاندۇرار يېشىلزارلىق كۆكلەمگە.
سېرىكچىدەك بىر دەمدىلا پۈركەيدۇ،
يېشىللىقنى سېرىقلىققا زەر رەڭگە.
غاس قاتۇرار مەۋج ئۇرغان دەريانى ،
جاندارلارنى چۆمدۈرۈپ دەرد ـئەلەمگە.

ۋاقىت شۇنداق ئويۇنچىدۇر ،ئوينىتار،
يەل توپ كەبى سىنى كۆككە ئۆرلىتىپ .
ۋاقىت ئامەت ،بەزەن بەخت كىپىقالار،
قۇرۇق تاياق تىكىپ قويساڭ كۆكلىتىپ .
ۋاقىت شەيتان ،ئىزلەپ يۈرەر غاپىللىق ،
بار -يوقۇڭدىن ئايرىپ قويار ئەپكىتىپ .

ۋاقىت نەققاش ،يۈز -كۆزۈڭگە ئىز سالار،
ئىكەك بولۇپ ئىكەكدەر ھەم ئۆمۈرنى ،
ۋاقىت قۇدرەت ،ئادەم نىمە ئالدىدا،
ئۈپرىتىدۇ ھەتتا پولات -تۆمۈرنى .
ۋاقىت زەرگەر ،يالقۇن ئوتتا ئايرىيدۇ،
تاشتىن گۆھەر ، قۇم ئىچىدىن جىك دۇرنى .

ۋاقىت تاقەت ، بۇ ئىككىسى قوشكىزەك ،
كۆپ ئىشلارغا سەۋر قىلار غەم يىمەس .
ۋاقىت كىكەچ ، بەرمەس ھىچبىر ئىزاھات ،
ئاققان ياش ھەم تۆكۈلگەنقان كۆپ دىمەس،
قۇدرىتى زور ، ئەمەس ھەرگىز نائىلاج ،

ئۆتكۈر ئۇنىڭ كۆزى ،ھەرگىز كور ئەمەس .

ۋاقىت پۇرسەت ، سېخى ئۇنىڭ ئالقىنى ،
كۆكسى كەڭدۇر ، كۆپ ئىشلارغا يول بېرەر.
گاھ زەررىنى پەرۋىش ئەيلەپ تاغ قىلار،
گاھى تاغنى تالقان قىلار ، قۇم قىلار .
ئارغامچىسى ئۇزۇن ئۇنىڭ بىر كۈنى ،
ھەممىسىنى ئۆز جايىغا كەلتۈرەر.

1989 - يىل 12 - ئاي

## ئاتا ـ ئانىمىز

ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسىدەك ،
قانات ـقۇيرۇقىمىز يېتىشكەن چاغدا.
ئوقۇيمىز دەيمىز چىقىپ كېتىمىز ،
ئىشقا چامىمىز كېلىشكەن چاغدا.

ئوقۇش ،خىزمەت دەپ يۈرىمىز ھەريان ،
ئاتا ـ ئانىنى قالدۇرۇپ غەمدە.
ئائىلە غېمى ، پەرزەنت تەشۋىشى ،
يەلكىمىزنى باسار بۇدەمدە.

كۆزلىرى ھەرئان بولۇپ ئىشىكتە ،
دەر :ئېسەن بولسا بىر كۈنى كېلەر .
كۈندە قانچە رەت بولۇپ دۇئادا ،
ئەزىز پەرزەنتىنىڭ بەختىنى تىلەر .

بىز بولساق يىراق يۇرتتا يىل -يىللاپ ،
ئىشقا بەنتمىز دەپ بۇندا يۇرىمىز .
ئۇلار مىڭ يىل ياشايدىغاندەك ،
كۆڭلىمىز توق بوپ دەۋران سۇرىمىز .

مانا ، ئەنە، دەپ ئۆتەر ئاي -يىللار ،
بارىمىز يىلدا ئاران - ئارانلا .
ئۆيگە چىللاپ ئەكېتەر يەنە ،
ساۋاقداش ياكى دوستۇ يارانلا .

بىر -بىرىمىزگە قېنىشماي شۇنداق ،
ئۆتىدۇ ئاران بىر كەلگەن مۆھلەت .
ئىش ئورنىمىزغا قالىمىز جۆنەپ ،
ئۇلارغا تۈزۈك قىلالماي خىزمەت .

كېتىدۇ ئۇلار باقىي دۇنياغا ،
كۆزى ئىشىكتە بىزلەرنى كۈتۈپ .
بارىمىز بىزلەر ياقىمىز چاك -چاك ،
ئۇلار نەپەستىن كەتكەندە ئۆتۈپ .

ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بوتىلاقتەك ،
بوزلىساق يەردىن كەلمىگەي سادا .
ھەسرەت ئەلەمدە ئۆتۈپ كېتىمىز،
قىلالمىدىم دەپ بۇرچۇمنى ئادا .

ئاھ! ئاتا - ئانا قەدرىنى بىلىپ ،
يەتكەندە پۇرسەت ئۆتكەن بولىدۇ .
خىزمىتىن قىلاي ، دۇئاسىن ئالاي
دېسەڭ ئالەمدىن كەتكەن بولىدۇ .

ئاتا - ئانىنى قىلغىن كۆپ ئىززەت ،
ئەقلىي -ھوشۇڭنى بىلگەن شۇ چاغدا .
ئاتا -ئانىغا قىلىۋال خىزمەت ،
قالمايىن دېسەڭ ھەسرەتتە داغدا.

1989 - يىل

## ئىككى يىگىت ، ئىككى قېرىنداش

رومكىلاردا مۆلدۈرلەر شەبنەم ،
رۇخسارىنى چايقايدۇ قۇياش .
بىلىق كۆزى قەدەھلەر بۇدەم ،
ئايلىنىدۇ ھەممىگە ئوخشاش .
بىر -بىرىگە كۆرسىتەر خىزمەت ،
ئىككى يىگىت ، ئىككى قېرىنداش .
دىل سۆزىنى قىلىشار ئىزھار ،
ئىللىقلىقتىن ئېرىپ كېتەر تاش .
ھاياجاندىن قىزارغان يۈزلەر ،
قىزىل چوغلۇق شەلپەرگە ئوخشاش .
جەم بولۇپتۇ بۇگۈن بۇ تويدا ،
ئىككى يىگىت ، ئىككى قېرىنداش .

※ ※

بىرى ئىدى ئۈنىڭ نەۋ قىران ،
يۈسۈپ كەبى ئىدى سىماسى .
بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان ،
كۆزلىرىدىن چاقنار زىياسى .
ئاتا ـئانا كۆزى ئىشىكتە ،
ئاقار ئىدى كۆزنىڭ قارىسى .
جان ـجىنىدىن كۆرەتتى ئەزىز ،
بولغاچ يالغۇز يۈرەك پارىسى .
ئۈنىڭ ئۈچۈن چىچىنى تاراپ ،
كۈتەر ئىدى يارى زىباسى .
ئەمەسمۇ ئۇ خۇددى باغلارنىڭ ،
يېڭى ئۆسكەن نوتا ، گىياسى .

※ ※

يەنە بىرى ئىدى بۇغداي ئۆڭ ،
كەڭ يەلكىلىك پالۋان قىياپەت .
ئىدى كەم سۆز ، لېكىن غۇرۇرلۇق .

قەلبىگە يار پاكلىق دىيانەت.
ئايرىلغاچقا ئاتا ـ ئانىدىن،
چەككەن ئىدى چەكسىز رىيازەت.
تەتىللەردە بولۇپ مەدىكار،
سۆگەكلىرى قاتقان كارامەت،
ئوقۇش، كىتاب پۇلىغا ئاران،
يېتەر ئىدى تاپقان دارامەت.
چىقىپ بۇلتۇر ئالىي مەكتەپكە،
شادلىقىدا كۈلگەن كارامەت.

※ ※

جەم بولۇشتى بۈگۈن سورۇندا،
ئىككى يىگىت، ئىككى ساۋاقداش.
رومكىلاردا مەرۋايىت شەبنەم،
چاقنار خۇددى كۆزدىكى لىق ياش.
توختىمىدى قەدەھلەر بۇ دەم،
خۇلقلارنى ئەيلىدى بەك شاش.
بىر ئېغىز گەپ، بىرلا ئېغىز گەپ،

زىل يۇرەككە تەگدى بولۇپ تاش .
بولدى چۆل - چۆل رومكا ۋە تەخسە ،
گالاچ -گۈلۈچ باشلاندى مۇشتلاش .
هاي بەرمىدى هېچكىم ئاچچىققا ،
قاچتى باشتىن ئەقىل ۋە ئىدراك ،
كۆپتى بۇرۇن ، كۆزگە تولدى قان .
قۇلاقلارغا ياقماس هېچبىر گەپ ،
ئاجراتقانلار قۇتۇلدى ئاران .
چاچراپ كۆزلەر ، ماكچايدى بۇرۇن ،
سۇنۇپ چىشلار بولدى ئېغىز قان .
ئەيمىنىدۇ قاراشقا ئادەم ،
سىياقىدىن چۆچۈيدۇ هايۋان .
چىقتى پىچاق قىپىدىن بۇدەم ،
قىلىپىدىن چىقتى هەم ئىمان .
يالت - يۇلت قىلىپ چاقناپ قالدى تىغ ،
بەرنا يىگىت جان بەردى شۇئان .

※ ※

تۇرمە تېمى ، تۆمۈر پەنجىرە ،

ئەيمەندۇرەر كۆرگەن كىشىنى .
ئاشۇ يەردە بولۇپ باغرى قان ،
قاۋۇل يىگىت تۆكەر يېشىنى .
نېمە بولدۇم ، نېمە قىلدىم ئاھ !
دەر ۋە تامغا ئۇرار بېشىنى .
ئاھ ، ئېسىت دەپ چىشلەيدۇ قولنى ،
ئەسلىگەندە دوست - ئادىشىنى .
ئەسكە چۈشسە دەھشەتلىك قىسمەت ،
پۇشايمان ، دەرت ئۆرتەر ئىچىنى .
كىم ئۇنىڭغا بەرگەي تەسەللى ،
كىمۇ سۈرتكەي ئۇنىڭ يېشىنى .

※ ※

ئىككى قەۋرە تۇرار يانمۇيان ،
ئۆتكۈنچىلەر ئۆتىدۇ توختاپ .
قىزلار نەزەر تاشلايدۇ ئاڭا ،
كىرپىكلەرنى شەبنەمدە چايقاپ .
ياش يىگىتلەر دەيدۇ ئاھ ، ئېسىت !
يۈرەكلىرى بولىدۇ خۇناپ .

مويسپىتلەر دەيدۇ :ئاھ، خۇدا،
باللارغا بەرگەيسەن ئىنساپ.
قىرى موماي دەيدۇ :ئەۋلادىلىك،
بولماسمىدى سىنىڭ بىھىساب.

※ ※

ئۆتمەسمۇ كۈن ئادەملەر ئارا،
بىر - بىرىنى قىلمىسا خاراپ.
نىمە ئۈچۈن بولۇپ ھايۋاندەك،
بىر -بىرىنى يىيىشەر يالماپ.
ئويلىسام ئۆرتىنەر قەلبىم،
يۈرەكلىرىم بولىدۇ كاۋاپ.

«كەچۈرۈك» ۋە «رەخمەت» دىگەن سۆز،
ئىنسان ئۈچۈن تىپىلماس گۆھەر.
سولدۇرماس ئۇھايات گۈلىنى،
ھەم تۇرمۇشنى بىزەپ كۆكلىتەر.
ئۇنىڭ بىلەن ياخشىدۇر ئالەم،
ئۇنىڭغا تەك بولالمايدۇ زەر.

هايۋان ئەمەس ،ئادەمزات قانداق ،
پەرقى يوقتۇر ئۇ يۇتسا ئەگەر .
هايۋانىيلىق بولىدۇ غالىپ ،
ئادەملىكتىن قالمايدۇ ئەسەر .
ئىككى يىگىت ، ئىككى نەۋ باهار ،
بىر -بىرىنى ئەپۇقىلسا گەر .
بولماسمىدى ئالەم گۈلىستان ،
ياش جىننغا يەتمەستى خەتەر.
كۈلمەسمىدى بولۇپ بالىلىق ،
ئۆتمەسمىدى تىرىپ نەۋرىلەر .
دەيمەن شۇنداق : ئادەم ئادەمگە ،
قىلسۇن شەپقەت ، ئەر بولسا ئەگەر .
ياخشىلىق ۋە دوستانىلىقنى ،
ئېلىپ كەتسۇن تۇپراققا قەدەر .

1989 -يىل 5 -ئاي

## باللارغا

قىرانلىق پەيتىنى ئۆتكۈزۈپ چىنار ،
كەتكەندەك سوۋلىتى ، باشتىن كۆركەم تاج .
ئاتا - ئانىلارمۇ قېرىپ ئاجىزلاپ ،
بالىدەك بوپ قالار بىر كۈن نائىلاج .

قەلبىدە نى ئارزۇ - ئارمانلار يانار ،
دەرمان يوق،ئارمانغا يەتمىكى قىيىن .
ئۇلار بىر زېمىندۇر ، پەرزەنتلەر يامغۇر،
يامغۇردىن كۆكلەيدۇ ئېلىپ ئۇلارسىن .

ئاتا دەپ ، ئانا دەپ كەلسەڭ گەر يوقلاپ ،
ئالەممۇ ئۇلارغا بولىدۇ گۈزەل ،
رازىدۇر بېشىدىن چاچمساڭمۇ زەر ،
ئىخ ! سېنى كۆكسىگە ياققىنى ئەۋزەل .

ئۇلار بىر دەريايى ئەزىمدۇر گويا ،
باغرىدا بىلىقتەك يايرىۋال پەقەت .
ئىزىز پەرزەنتىنى ئىلىش بىر ھىدلاپ ،
ئۇلارغا بەختتۇر ، ئۇلارغا راھەت .

ئون بالا بەقىدۇ بىر ئاتا - ئانا ،
ئون بالا ئۇلارنى كۇتەلمەس ئەجەب .
ئۇلارنىڭ نۆۋىتى شۇ بولار تەكرار ،
بۇ دۇنيا ئاشۇنداق كىلەر چۆرگىلەپ .

بۇ دۇيا ئەشۇنداق ئۆتنىلىك جاھان ،
ئارمان بار ، دەرمانسىز بولارسەن بىر كۈن .
ئاتا - ئاناڭنى ئىززەت قىل كۆپرەك ،
نىمىنى تىرىساڭ ئالارسەن بىر كۈن .

1990 - يىل 11 - يانۋار

## كەچۈر دوستۇم

كەچۈر دوستۇم ، يۈرەك زەرداپ بولمىسۇن ،
خاپىلىقنى ئۇنتۇپ كەتكىن مەڭگۈگە .
كەچۈر دوستۇم ، ئۆتكەنكىگە سالىۋات ،
ئۆمۈر ، يىللار يانماس[1] مەڭگۈ كەينىگە .

كەچۈر دوستۇم ، مەندىن ئۆتسە ئەپۇ قىل،
سەندىن ئۆتسە ئۇنتۇپ كېتەي تائەبەت .
كەچۈرمىسەك بىرىمىزنى بىرىمىز ،
جان دوستلارمۇ رەقىب بولغاي ئاقىۋەت .

كەچۈر ! دەيدۇ كۆڭلى سۇتتەك ئاق كىشى ،
قەلبى ئىزگۈ خىسلەتلەرگە يار كىشى .
كەچۈر دېمەس ، كەچۈرۈشنى ھەم بىلمەس ،
كۆڭلى تۇندەك قارا ، دىلى تار كىشى .

كەچۈر دېدىڭ ، كەچۈر دېدىم كۆلدى دىل ،
ئېرىدى مۇز ، بولدى ئالەم گۈلىستان .
كەچۈرمىسەڭ ، قىساس ئوتى چاقنىسا ،
بولمىغايمۇ يورۇق ئالەم گۆرۈستان .

1990 - يىل

## باھار ھەققىدە غەزەل

باھار كەلمەكتە يۇرتۇمغا ، كۈلۈپ خەندان ناز ئەيلەپ ،
كۆزىدىن ياش تۆكۈپ قىشنىڭ ، زېمىن قەلبىنى ياز ئەيلەپ .

بۇلاقلار كۆزلىرىن ئاچتى ، دەرەخنىڭ ئۇيقىسى قاچتى ،
ئۇچار قۇش نەغمىلەر قىلدى ، چېلىپ دۇتارنى ساز ئەيلەپ .

سۆگەتلەر تولغۇنۇپ بۇدىم ، بېشىغا چاچ - جالا سالدى ،
تېرەكلەر ھالقىسىن ئاستى ، ئۆزىنى ئىشقىۋاز ئەيلەپ .

سۇرۇپ دەۋران ، تىنىپ نەشتەر قارا قىش قامچا ئوينىتىسۇن ،
يېتىپ پەيتى ، باھار كەلگەي ئاياز رىسقىنى ئاز ئەيلەپ .

پەسىللەر ئايلىنىپ قانچە ، ئاياز يۇتتى ، باھار كەلدى ،
تۆكۈپ كۈي ، شائىرە چىقتى باھارغا جىلۋە - ناز ئەيلەپ .

1991 - يىل

# غەزەللەر

## ئىنتىزارلىق

ئەي گۆزەل ئىشقى نۇرۇڭدا نەۋ باھار بولدۇم ساڭا،
ئاشنا بولدۇم ساڭا ھەم چىن نىگار بولدۇم ساڭا.

شام سەھەر قىلدىم يولۇڭغا كۆزلىرىمنى ئىنتىزار،
كەلمىسەڭ كۆتكەن مەھەلدە بىر بىمار بولدۇم ساڭا.

مەن ئىكەنمەن شور پېشانە، كاج ئىكەن ھەم تەلىيىم،
خارۇ - زار بولدۇم ساڭا ھەم شەرمسار بولدۇم ساڭا.

نەۋ باھارنىڭ يامغۇرىدەك كەل يۈرەكنى سەگىتىپ،
خۇددى بىر چاڭقاق ئېتىزدەك مەن خۇمار بولدۇم ساڭا.

## نىگار خاتىرىسىگە

نىگار بۇلبۇل كەبى خەندان ئۇرۇپ بەكمۇ ناۋا قىلدىڭ ،
قەدەم تەشرىپ قىلىپ ھەريانىنى زەپ خۇشبۇي ھاۋا قىلدىڭ ،

كېچە ھەم كۈندۈزى ئىشقىڭ بايابانىدا ئاھ چەكتىم ،
مېنىڭ تاقەتۇ - سەۋرىمنى ۋۇجۇدۇمدىن ئادا قىلدىڭ .

ئۇزاتسام ساڭا شاربەتنى ، زەھەر - زوقۇمنى تەگلەيسەن ،
مېنىڭ جانىمنى نەشتەرلەپ ساقايماس بىر يارا قىلدىڭ .

سېنىڭ ئىشقىڭ مېنىڭ پۈتكۈل جېنىمنىڭ مۈلكى ھەم بەختىم ،
مۇھەببەت مەلىسىدە سەن مېنى ئاجىز گادا قىلدىڭ .

سېنىڭ يادىڭ بىلەن يايراپ ، سېنىڭسىز ئاھۇ - زار چەكسەم ،
مېنى سەن خارۇ - زار ئەيلەپ ئۆزۈڭنى بىباھا قىلدىڭ .

مۇھەببەت غۇنچىسى سۇلغاي ئەگەر تەگىلىك تۇگەپ پۇتسە ،
مۇشۇ بىر نۇقتىدا يايرىم كېچىرمەس زور گۇناھ قىلدىڭ .

※ ※

نىگارىم قول سىلىپ كەلسەڭ جەسۇر پالۋانغا ئوخشايسەن ،
مۇشەققەت تاغىنى كەسكەن گويا مەردانغا ئوخشايسەن .

سۆزۈڭ شېرىن جامالىڭ ئۇز ،شۇڭا جانىم ساڭا شەيدا ،
لاتاپەت بابىدا يەكتا ،گويا سۇلتانغا ئوخشايسەن .

سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن جىسمىم گويا يالقۇندىكى شامدۇر ،
شۇڭا جىسمىمدىكى شېرىن ئېزىز بىر جانغا ئوخشايسەن .

سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن يۇرمەك ، بەخت ھەتتاكى جان بەرمەك ،
دېسەم لەۋزىمگە قىلدىڭ شەك ، بۇڭا ھەيرانغا ئوخشايسەن .

سۆزىگە راست ئەمەل قىلماق كىشىگە ئەڭ ئېسىل خىسلەت ،
قارارىڭدىن يانار بولساڭ رەزىل شەيتانغا ئوخشايسەن .

※ ※

تۇندە سايرىغان بۇلبۇل بىدارە ئىكەن ھەرئان ،
يېقىملىق ناۋا ئەيلەپ خەندانە ئىكەن ھەرئان ،

يەتمەي يادىغا ئاھى، دىلدا سەل بولۇپ زارى ،
سۆيگۈ چۆلدە تەشنا ، ئاۋارە ئىكەن ھەرئان .

كۆڭلىنى قىلىپ ئىزھار ، مۇھەببەت كۈتۈپ زىنھار ،
يارغا ئۇقتۇرالماستىن ھەيرانە ئىكەن ھەرئان .

يارىنىڭ سۆزى تاتلىق ، يۈرىكى ئىكەن قاتتىق ،
ۋاپاغا جاپا تارتىپ ۋەيرانە ئىكەن ھەرئان .

يارىنىڭ ئىشقىدا كۆيسە ، يارى باشقىنى سۆيسە ،
كۆكسى قان ، يۈرەك باغرى مىڭ پارە ئىكەن ھەرئان .

## ئانام ھەققىدە غەزەل

دۆلىتىمسەن ، سۆلىتىمسەن ئەي ئۇلۇغ ئىنسان ئانا ،
شادلىقىم ، پادىشاھلىقىمسەن ، ئەي ئۇلۇغ سۇلتان ئانا .

ئۆستۈرۈپ قوشتۇڭ قاتارغا ، جان بېرىپ ، ئاق سۈت بېرىپ ،
بىر ئۆمۈر تارتتىڭ جاپايىمنى ئۆزۈڭ ھەرئان ئانا .

مىندۈرۈپ باشىمغا ئايلانسام جاھاننى پۈتمىگەي
بىر كېچە تارتقان جاپايىڭ ئەجرىسى ھەي جان ئانا .

سەن ئۇلۇغسەن ، سەن قۇياشسەن ، سەن بىلەن ئالەم يورۇق ،
شادلىقىم ، بەختىم ، غۇرۇرۇم ، تەندىكى دەرمان ئانا .

بەكمۇ ياش كەتتىڭ جاھاندىن ، ھەسرىتىم تاغدىن ئېغىر ،
خىزمىتىڭ قالدىم قىلالماي ، دىلدا كۆپ ئارمان ئانا .

1991 - يىل 2 - ئاي

## ساھىبجامال قىزغا

گۈزەل قىز رەڭگى رۇخسارىڭ چىرايلىق گۈلگە ئوخشايدۇ ،
زىناقىڭ جۈملىدە كەلگەن گويا ۋىرگۈلغا ئوخشايدۇ .

چېلىپ دۇتار ناۋا قىلساڭ ، ئەجەب ياڭراق سادا قىلساڭ ،
دېدىم : بوستاندا كۈي تۆككەن بىدار بۇلبۇلغا ئوخشايدۇ .

خۇمارلىق كۆزلىرىڭ كۆكتىن ئېلىپ يۇلتۇز بىلەن ئاينى ،
سۈيىدە چايقىغان بىر جۈپ غۇبارسىز كۆلگە ئوخشايدۇ .

چىمەندە نازلىنىپ يۈرسەڭ ، چېچىڭنى كەينىگە تاشلاپ ،
سىياقىڭ يايلىنى يايغان گۈزەل دۇلدۇلغا ئوخشايدۇ .

ئەدەب ـ ئەخلاقىنى يار قىلساڭ ، كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلساڭ ،
كىشى قەلبىدە ئوبرازىڭ ئىمان رۇسۇلغا ئوخشايدۇ .

# ئايال كۆڭلى

ئېغىر كۆرمەس، ئاھ دېمەس ھەرگىز،
تاغدەك يۈكنى قويساڭمۇ ئارتىپ.
كۆتۈرۈشلۈك ئايال ئەشۇنداق،
بار جاپانى كېتىدۇ تارتىپ.

ئالەم سىغار ئۇنىڭ قەلبىگە،
غەم تېغىنى كۆتۈرەر شەكسىز.
بىرلا ئىشتىن قورقىدۇ زىنھار،
بىرلا ئىشنى كەچۈرمەس ھەرگىز.

سوغۇق تەلەت كۆرسەتمە ئاڭا،
ھەم ۋەدەڭگە قىلغىن سەن ۋاپا.
مۈشكۈللەرنى ئۆزىلا ئېلىپ،
راھىتىنى بېرىدۇ ساڭا.

ئايال كۆڭلى نازۇكتۇر شۇنداق،
باھاردىكى چېچەكتەك سەبى.
گاھى پارلاپ، گاھى تۇتۇلار،
خۇددى باھار قۇياشى كەبى.

تاغنى بەرسەڭ ئېچىلماس بەلكى،
بىر سۆز بىلەن ئۇتارسەن ئۇنى.
«كەچۈر» دېگىن رەنجىتسەڭ ئەگەر،
ئۇ سەن ئۈچۈن بېرەر جېنىنى.

1991 ـ يىل 7 ـ مارت

## ئايال

سۇبھىنى ئويغۇتار ئۇنىڭ چېھرىسى ،
كۈن چىقار كۆزگەندە ئۇنى يالتىراپ .
ناشتىلىق تەييارلار بىر ئۆيلۈك جانغا ،
ناشتىسىز ماڭىدۇ ئىشقا ئالدىراپ .

بىر يېرىم سائەتلىك دەم ئېلىش چۈشتە ،
ئالدىرار ئۆيىگە ، قولىدا كۆكتات .
ئاشخانا ئىچىدە بوغۇلار بۇسقا ،
ئالدىراپ سائەتكە قارايدۇ پات - پات .

قاقشىماس ، شۇنازۇك يەلكىسىگە ئۇ ،
ئىدارە ۋە ئۆيىنىڭ يۈكىنى ئارتىپ .
توي - تۆكۈن ، قائىدە يوسۇنلار ئۇنىڭ
دەم ئېلىش كۈنىنى كېتىدۇ تارتىپ .

يا ئۆزى خۇش ئەمەس ، ياكى ئۆي ئىچى ،
ئىدارە خوش ئەمەس ، كىچىككەچ پات ـ پات .
نى يۇكسەك پىلانلار كىزىدۇ باشتا ،
ئاھ لېكىن توزاڭدەك بولىدۇ بەربات .

قەلبىدە نى گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار ،
نى ئۇلۇغ غايىلەر كۆتۈرەر چۇقان .
ئەمما ئۇ باشقىلار ئۇچۇن يول بېرىپ ،
تالانت ۋە ياشلىقنى بېرىدۇ قۇربان .

قىرىققا كىرمەيلا ئاقىرار چېچى ،
ئەللىككە ئۇلاشماي بولىدۇ بىمەر .
ئېخ ئايال ، ئاشۇنداق چېكەر رىيازەت ،
بارىنى بېغىشلار شۇنداق پىداكار .

ئۇ تەييار ئەشۇنداق بېرىشكە قۇربان ،
ۋە لېكىن ئەجرىدىن قىلمايدۇ مىننەت .
ئېخ ، ئايال ئەشۇنداق پىداكار روھنى ،
بىر ئۆمۈر قەلبىگە قىلىدۇ زىننەت .

مەنمۇ بىر ئايالمەن جاپاكەش ئىنسان ،
ئېخ ، ئەمما قەلبىمدە سېزىمەن غۇرۇر .
ئۆكۈنۈش يوق كەتكەن ياشلىقىم ئۈچۈن ،
پەرزەنتلەر يايرىسا ، شادمەن بىھۇزۇر .

1991 - يىل

## بىر ئىنسان

گېپى سوغۇق، چىھرى تۇتۇق،
ئولتۇرىدۇ غادىيىپ.
ياخشى خۇلۇق، ئىللىق چىراي،
بەرمىدىڭ دەر ئاغرىنىپ.

مۇز چىراي، سوغ تەلىتى
ئۆز كۆزىگە كۆرۈنمەس.
قوپال گېپى، بەتخۇيلىقى
ئۆزىگە ھېچ بىلىنمەس.

بىر ئۆمۈرلۈك ھەمراھىمۇ
يىغلاپ ئۆتەر زارۇ - زار.
مۆلدۈرلەيدۇ پەرزەنتلىرى،
كۆلكىسىگە ئىنتىزار.

يا ئۆزىنى خۇش قىلالماس،
يا خۇش قىلماس باشقىنى.
تەقدىر دېگەن قوشار نېچۈن،
بىر نادانغا ياخشىنى.

1991 - يىل 2 - ئاي

## گىننىس دۇنيا رېكورتى

تۇزۇلدى بىر سورۇن ، يىغىلدى يۈزلەپ ،
پوچىلار بۇ يەرگە بولۇشۇپ نائىل .
ھەممىسى ئىشىدىن تەجرىبە سۆزلەپ ،
مىگىلىغان دىللارنى ئەيلىدى مايىل .

بىرسى دەر : ئۆلمەسنىڭ دورىسىنى تاپتىم ،
ئۆلۈككە جان بەردىم ، تىرىككە دەرمان .
بىرسى دەر : باشقىلار بەختىنى كۆزلەپ ،
ياپ - ياشلا جېنىمنى ئەيلىدىم قۇربان .

بىرسى دەر : مەن ئىلىم بەرگەن بالىدىن
چىقىشتى مىليونلاپ شائىر يازغۇچى .
بىرسى دەر : مەن يازغان ، تۈزگەن كىتابقا ،
توشۇپتۇ ساناقسىز ئىشكاپنىڭ ئىچى .

بىرسى دەر ، پۇل تاپتىم ، ئەقلىمۇ تاپتىم ،
ھەممىنى ئىلكىمگە ئالدىم بولۇپ باي .
ھەر يىلى تارقاتقان زاكاتىم بىلەن
باي بولۇپ قېلىشتى مىليونلاپ گاداي .

بىرسى دەر « ئىلمىيچە تېرىدىم بۇغداي ،
بىر دانە بۇغدايدا تولۇپتۇ خامان .
بىر نانىنى ئۇشتۇسام سىلىپ داستىخان ،
تويدۇ كېكىرىپ ئون مىڭلاپ دېھقان .

شۇ چاغدا مەن بولدۇم مۇنبەرگە ھازىر ،
ھەم ئاتتىم زەي سالماي پاختىنى شۇنچە .
« ئون مىڭلاپ داستاننى پۈتتۈردۈم يېزىپ »،
دېدىممەن سورۇندا قىزارماي قىلچە .

شۇھامان ئېچىلىپ يوغان بىر قامۇس ،
پوچىلار سەپ بولۇپ تىزىلدۇق سەپكە .
يارالدى بىر يېڭى دۇنيا رېكورتى ،
ئىسمىمىز يېزىلدى زەر ھەللىك بەتكە .

1991 - يىل

## هايات ھەققىدە پارچىلار

ھايات گويا قىيىن مۇئەمما ،
ئۇنى يەشمەك ئەمەستۇر ئاسان .
ھايات ئۆزى قىيىن ئىمتىھان ،
دۇچ كېلىدۇ ئاڭا ھەر ئىنسان

※ ※

گەر ھاياتنىڭ سەپەرلىرىدە
شىجائەتتىن باغلىساڭ كەمەر .
ئۆتمەك بولساڭ داۋانلىرىدىن
تىك چوققىلار ساڭا يول بېرەر .

مەسئۇل مۇھەررىرى : بارىجان زەپەر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : جاڭ لۇسا

# سەھرا نەزمىلىرى

(شېئىرلار)

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى 54 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىئەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە شۆيۈەنى ئۈرۈمچى شۆبە
شۆيۈەنى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092 × 787 32 / 1 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى : 3.875 قىستۇرما ۋارىقى : 3
1993 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1994 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى :1600 — 1
ISBN7-228-02508-3 / I • 877
باھاسى : 1.75يۈەن

责任编辑：巴力江 · 扎帕尔
封面设计：张渌洒

乡村之歌（维吾尔文）
吐尔逊娜依 · 玉赛音著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
西安陆军学院乌鲁木齐分院印刷厂印刷
787×1092 毫米32 开本 3.875 印张 3 插页
1993年12月第1版 1994年4月第1次印刷
印数：1 ——1600

ISBN7—228—02508—3/I · 877 定价：1.75元

ISBN7－228－02508－3

I·877(民文)定价:1.75元